تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئۇنىڭ يەشمىسى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئۇنىڭ يەشمىسى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



18.00 元

ISBN 978-7-5372-4499-2

9 787537 244992 >

总定价（两册）：30.00 元



# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئۇنىڭ يەشمىسى

(تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى**

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

小学初中维吾尔语详解词典:维吾尔文/阿依别克·吾买尔等编写. — 2版. —乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2009.9

ISBN 978-7-5372-4499-2

I. ①小… ②初 II. 阿… III. 维吾尔语(中国少数民族语言)—中小学—词典 IV.G634.390.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第154240号

**策　　划:** 艾明书业
**编　　者:** 阿依别克·吾买尔
**责任编辑:** 亚力坤·阿不都沙拉木
**责任校对:** 阿丽娜·热克甫
**封面设计:** 努尔买买提·吾买尔·吾其坤
**出　　版:** 新疆人民卫生出版社
**地　　址:** 乌鲁木齐市龙泉街196号
**网　　址:** http://www.xjpsp.com
**印　　刷:** 新疆新华印刷厂
**发　　行:** 新疆新华书店
**版　　次:** 2009年9月第1版
**印　　次:** 2009年9月第1次印刷
**开　　本:** 880×1230毫米　1/32开本　9.875印张
**字　　数:** 172千字
**书　　号:** ISBN 978-7-5372-4499-2
**印　　数:** 1 — 5000
**定　　价:** 18.00元

发行科联系电话:(0991)2823055　　邮编:830001

# مۇندەرىجە


ئا ........ 1
ئە ........ 22
ب ........ 31
پ ........ 50
ت ........ 55
ج ........ 70
چ ........ 74
خ ........ 82
د ........ 86
ر ........ 95
ز ........ 98
س ........ 101
ش ........ 121
غ ........ 125
ق ........ 128
ك ........ 151
گ ........ 175
ل ........ 181
م ........ 183
ن ........ 193




ھ ........ 197

ئو ........ 207

ئۇ ........ 216

ئۆ ........ 222

ئۈ ........ 236

ۋ ........ 238

ئې ........ 240

ئى ........ 247

ي ........ 263

# تۈزگۈچىدىن

قولىڭىزدىكى بۇ «ماقال - تەمسىللەر ۋە ئۇنىڭ يەشمىسى» ناملىق كىتابقا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كونا - يېڭى دەرسلىكىدىن ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىپ كېلىۋاتقان مەزمۇنى چوڭقۇر، ئەھمىيىتى زور ماقال - تەمسىللەردىن تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

مەيلى ئىدىيوم، مەيلى ماقال - تەمسىللەر بولسۇن، بىزنىڭ خەلقىمىز ئۇلارنى قەدىرلەپ ۋە ئەتىۋارلاپ «ئاتىلار سۆزى» دەپ ئاتاپ كەلگەن ھەم كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئېغىزچە ۋە يازمىچە بايانلىرىدا جانلىق ئىشلىتىلىپ، ئۆز ئېھتىياجىدىن چىقىپ كەلگەن ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، ماقال - تەمسىللەرگە ئىزاھ بېرىش خېلى جاپا - مۇشەققەتلىك بىر جەرياندىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى بۇ ماقال - تەمسىللەر يەشمىسىنى ئىشلەشتىكى مۇھىم مەقسەتلەرنىڭ بىرى، ئىستىمالدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزىتىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، يەنە بىرى، كۈندىلىك ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ ۋە يۇقىرىلاپ ئوقۇش ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلەندى.

بۇ ماقال - تەمسىللەر يەشمىسىنى (تۆۋەندە قىسقارتىپ



يەشمە دەپ ئېلىندى) ئىشلەشتە:

1. ھەر بىر ماقال ـ تەمسىل ئۈچۈن ئىزاھ بېرىلدى. شۇنداقلا بۇ ئىزاھلارنىڭ ئىخچام ۋە توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈندى.

2. ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەنىداشلىرى بىر يەرگە توپلىنىپ، پەقەت بىرىگە ئىزاھ بېرىلدى.

3. بۇ يەشمىگە مۇمكىن بار پەقەت ماقال ـ تەمسىللەرگىلا ئىزاھ بېرىش ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

4. بۇ يەشمە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى.

5. بۇ يەشمىنى ئىشلەشتە، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىك لۇغىتى» ھەم تۇركلەرنىڭ «ئاتالار سۆزى سۆزلۈگى»، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللانىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى» دېگەن كىتابلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

ئېھتىمال، بۇ يەشمىنى ئىشلەشتە، يا ئۇنداق، يا مۇنداق نۇقسان ـ سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەمىمىي قارشى ئالىمەن.

ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى
2009 ـ يىل 24 ـ مارت

# قىسقىچە بايان ۋە مۇھاكىمە

ماقال - تەمسىللەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان، چوڭقۇر ئەقىل كۆرسىتىش خاراكتېرىگە ۋە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان بىر تۈرى.

خەلقنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىلەن بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىدىن خۇلاسىلەنگەن، خەلققە ئۆلگە، ئىبرەت بولىدىغان ئەقىل ئۆگەتكۈچى ئەقلىيە سۆزلەر ماقال - تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەردىن ھاسىل بولغان تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ خۇلاسىلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بىرنەچچە كىشىنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن، بىر پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ تەپەككۇر مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭ مەنتىقىلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ.

شۇڭا ئۇنى ھېكمەتلىك سۆزلەر ياكى ئەقلىيە سۆزلەر دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ياخشى تۈزۈلگەن ماقال - تەمسىللەردە سۆزلەر شۇنچىلىك ئىخچام ھەم جىپسىلاشقان بولىدۇكى، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى بىرەر سۆزنى ئېلىۋېتىشكە ياكى قوشۇپ قويۇشقا، ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

«ھەق ئېگىلەر، سۇنماس»، «ياش تۆككۈچە مۈشت تۈگ»، «پۇل تاپقۇچە ئەقىل تاپ» دېگەن ماقاللار ئەنە شۇنداق مۇكەممەل تۈزۈلگەن ماقاللاردۇر.

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئاممىۋىلىقى ئىنتايىن ئۈستۈن. بۇنداق دېگەنلىك تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىگە قارىتىلغان. بىر تەرەپتىن ماقال ـ تەمسىللەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە چېتىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر كۈندىلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە ماقال ـ تەمسىللەردىن پايدىلىنىدۇ. چۈنكى ماقال ـ تەمسىللەر ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولغاچقا، ھەرقانداق كىشى ئۆز پىكرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۆز مەقسىتىنى توغرا، دەل، جايىدا ئىپادىلاش ئۈچۈن ماقال ـ تەمسىللەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

يەنە كىشىلەر ماقال ـ تەمسىللەردىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىشتىلا پايدىلىنىپ قالماي، بەلكى تارىخىي، سىياسىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىشتىمۇ، سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىمۇ كەڭ تۈردە پايدىلىنىدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەردە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، تىلەك ـ خاھىشلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان قاراشلىرى، ئىلىم ـ پەن، كەسىپ ـ ھۈنەرگە بولغان قىزغىنلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلىتى ۋە ئەمگەك سۆيۈش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. غايەت چوڭقۇر، ئوبرازلىق گەپلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىبرەتلىك ساۋاق، قىممەتلىك مەسلىھەتلەر بېرىلىدۇ. يەنە شۇنداقلا ئۇنىڭدا كىشىلەر نومۇس، ۋىجدان، ئادەمگەرچىلىك بىلەن ياشاشقا ئۈندىلىدۇ. ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، چىدام ـ غەيرەتلىك، ئىنساپ ـ دىيانەتلىك، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك،

راستچىل كىشىلەردىن بولۇش، بىلىم، ھۈنەرنى چىن دىلىدىن سۆيۈپ ئۆگىنىدىغان ھەقىقىي كىشىلەردىن بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ قەدىمكى خەلق بولۇشى بىلەن بىللە يەنە ماقال ـ تەمسىللەرگە ئىنتايىن باي خەلقتۇر. ماقال ـ تەمسىللەر قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، ئېسىل ئەدەبىي مىراس قاتارىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلدى ۋە بېيىپ مۇكەممەللەشتى. XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىمى ۋە ئاتاقلىق تىلشۇناسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەدىمكى ئۇرۇق ۋە تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەردىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن. بۇ ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇستەھكەم، ئوبرازچانلىقى كۈچلۈك، شەكلى خىلمۇخىل، گۈزەللىك دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆپىنچىسى قاپىيىلىك بولغاچقا، كىشىلەرگە يۈكسەك بەدىئىي زوق بەخش ئېتىدۇ.

ماقال بىلەن تەمسىل بىر ئەدەبىي تۈرگە كىرسىمۇ ھەم ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن تۈزۈلۈشى ۋە پىكىرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ماقالدا ئوي ـ پىكىر مەنىلىك سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىق ئۇدۇل، بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ماقالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بىلەن تولۇق بېرىلىدۇ. ماقال-



دىكى پىكىر ئۇزۇن دەۋرلەر داۋامىدا سىنالغان مۇكەممەل خۇلاسە، ئۇنى ئاسان ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

تەمسىل بولسا، ئوي ـ پىكىرنى ۋاستىلىك ئەگىتمە يول ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئىپادىلەنگەن كۆچمە مەنىدىكى تەسۋىرىي سۆزلەر تەمسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنىدىغان پىكىرلەر سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىشارەت قىلىنىدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئەھمىيىتى زور بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى ئىككى تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرى، ماقال ـ تەمسىللەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتىنى، پەزىلەتلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە مىجەز ـ خۇلقىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ خەلقنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە بەكمۇ ئەھمىيەتلىك. يەنە بىرى، ماقال ـ تەمسىللەر تەييار تىل بايلىقى بولۇپ، ئۇ تىلىمىزغا ئالاھىدە ئىنچىكىلىك ۋە باي مەزمۇن قوشىدۇ. ماقالە يازغاندا ياكى نۇتۇق سۆزلىگەندە، ماقال ـ تەمسىللەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلسا، ئۇنداق ماقالە چۈشىنىشلىك، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە ئاممىباپ بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا پىكىرنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەشكە ياردەم بولىدىغان ماقال ـ تەمسىللەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك.

ماقال ـ تەمسىللەرنى ئەزەلدىن خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك نۇتۇق ـ پاراڭ ئالاقىلىرىدە جانلىق ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۇنى ئەزىز كۆرۈپ «ئاتىلار سۆزى» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ

كەلگەن. چۈنكى ماقال ـ تەمسىللەر ھەم ئوبرازلىق ھەم ئىخ- چام تىل جەۋھىرى بولۇپ. خەلق تىلىنىڭ تاۋلانغان، پىش- شىقلانغان تەييار تىل بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تۆ- ۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ماقال ـ تەمسىل خەلقىمىزنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىسى- نىڭ مەھسۇلى. مەسىلەن: ئات يۈتەلسە ئوقۇر سال، كالا يۈتەل- سە پىچاق سال، يەر ھەيدىسەڭ كۈزدە ھەيدە، كۈزدە ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە، سامساق، ئۇنى يېگەننىڭ تېنى ساق، مېۋىلىك دە- رەخنىڭ بېشى تۆۋەن،

ئەر كىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز، ئاياغ ئاتلىمىسا، باش يۈگۈرمەيدۇ، ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار، قىلمىساڭ چاتىقىڭ چىقار، ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر.

ئالتۇن ئوتتا سىنىلار، ئادەم مېھنەتتە سىنىلار، مېھنەت- نىڭ تېگى ئالتۇن، تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئۇرۇق، يەر سېنى قوي- ماس قۇرۇق، ئۇيقۇدا ياتساڭ ئۆلەرسەن، ھۈنەر قىلساڭ ئۇنەر- سەن.

گۆھەرلىك بولۇشتىن ھۈنەرلىك بولغان ئارتۇق. ئادەم قولى چۆلنى بوستان قىلار.

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھورۇننىڭ جېنى تاتلىق، كۈن- لۈك ئىشىڭنى سەھەردىن باشلا، يىللىق ئىشىڭنى باھاردىن باشلا... قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەردە خەلقىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، تېبابەتچىلىك ھەققىدىكى ئۆزىگە خاس بىلىملىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.



2. كۆپلىگەن ماقال - تەمسىلدە ئوي - پىكىر ئابستراكت ئۇقۇم، نەزەرىيىۋى چۈشەنچە شەكلىدە ئەمەس، بەلكى كونكرېت، ھېسسىي، جانلىق ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق، بۆدۈننىڭ ئۆيى يوق، نەگە بارسا «ۋىتىلداق»، قوزغۇنغا تاغ ياخشى، بۇلبۇلغا باغ ياخشى، ياخشى ئەلنىڭ بالىسى خار بولۇر، قۇل بولماس، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مەسىلەن: كىم جىنايەت ئۆتكۈزسە شۇ جاجىسىنى تارتىدۇ دېگەن ئوي - پىكىر ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ دەپ، ساختا قىياپەتكە كىرسەڭ ھامان چاندۇرۇپ قويىسەن دېگەن پىكىر كۆلەڭگەن نېمەڭگە ھېجايما... دەپ ئىپادىلەنگەن.

3. ماقال - تەمسىللەرنىڭ قاپىيە شەكىللىرى كۆزىتىشكە ئەڭ ماس كەلگۈدەك گۈزەللىك ھېسابلىنىدۇ. باش قاپىيە: مېھنەتتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ.

ئاياغ قاپىيە: يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.

ئىچ قاپىيە: ئىش قوراللىق ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار.

ئارىلاش قاپىيە: ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن.

يەنە ئەر كۆركى - ساقال،<br>
سۆز كۆركى ماقال.<br>
ياخشى سۆز تاشنى يارار،<br>
يامان سۆز باشنى يارار.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قاپىيە گۈزەللىكىدىن ھوزۇر ئالساقمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولىسەن ساقىلىڭ بىلەن. بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر. ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى بىلىم بىلەن.

سورىغان بىلىم ئالار. ئويالغان كېيىن قالار.

چايناپ يېسەڭ لەززەت كۆرەرسەن، ھۆرمەت قىلساڭ ئىززەت كۆرەرسەن.

ئۇياتسىز مۇشۇككە قازاننىڭ ئىشكى ئوچۇق

يالغانچىنىڭ گېپى تولا، ياۋا دەرەخنىڭ شېخى تولا.

ئۆزى ئۆيگە كىرگۈچە، كەشى تۆرگە چىقىدۇ.

پەرىشتىنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ.

تۇخلۇكىدىن شامال كىرمەس، ئىشىكىدىن ئادەم كىرمەس.

دوست بىلەن ئىناق بول، دۈشمەندىن يىراق بول.

يامان بىلەن بولساڭ يولداش، تېگەر بېشىڭغا تاش.

دوستتىن يامانلىغان ئەقلىنىڭ يوقلۇقى، تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى

ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى، ئەخمەق بولسىمۇ دوست ياخشى

مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس.

پوستى يوق پىياز بولماس، دوستى يوق ئادەم بولماس.

سۇغا سالساڭ، سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى،

ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى.
دوست سۆزىنى تاشلىما، تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.
توپقا قاراپ تاش ئاتما.
تاش ئاتقانغا ئاش ئات.
ئالتە ئاي ئاتقان پاختام، بىر چاپانغا يەتمەپتۇ.
ئاتلىق پىيادىنىڭ ھارغىنىنى بىلمەس.

4. ماقال ـ تەمسىللەر يەنە كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ.

«قاغا بالام ئاپئاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام» دېگەن تەمسىلدە ئوي ـ پىكىر بىۋاسىتە ئەمەس، ۋاسىتىلىك ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ھېچكىم ئۆزىنىڭ بالىسىنى قاغا ياكى كىرپە دەپ ئاتىمايدۇ. ئەمما بۇ يەردە قاغا قارا بولىدۇ، كىرپە تىكەنلىك بولىدۇ، بۇ خۇسۇسىيەت ئادەملەرگە كۆچۈرۈلگەن. بۇ يەردە قاغا ياكى كىرپە ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئادەملەر ھەققىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىر ئوقۇپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنى بۇ تەمسىلنىڭ مەنىسى ھەركىم ئۆز پەرزەنتىنى ئەزىز بىلىدۇ، قۇسۇرسىز دەپ ھېس قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

يەنە «تۆشۈك يىرتىقىدىن كۈلەر، چۆمۈچ قازاندىن»دېگەن تەمسىلدە ئېيتىلغاندەك، تۆشۈكنىڭ يىرتىقنى، چۆمۈچنىڭ قازاننى مەسخىرە قىلىشى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمايدىغان ئىشلاردۇر. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنداق تەمسىللەر ئەمەلىيەتتە، ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولماستىن، ئىجتىمائىي ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتىلغاندۇر.

5. ماقال ـ تەمسىللەردە ئاچقۇچلۇق بىرەر سۆز ۋە بۇ-

لەكلەر بولىدۇ.

مەسىلەن: «بىلىم ئەقىل چىرىغى، يوقتۇر يولنىڭ يىرىدىقى»، «توخۇ داڭگال چوشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال چوشەيدۇ»، «ئۆستەڭ يارىشىقى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال» بۇلارنىڭ بىرى ئاساسىي بۆلەك، ئىككىنچى قوشۇمچە بۆلەك بولۇپ بۇلار بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. يەنە بەزى ماقال ـ تەمسىللەردە پەقەت بىرلا بۆلەك بولىدۇ. مەسىلەن:

«ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى»، «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا»، «قىشنىڭ ئاپتىپى دۈشمەننىڭ كۈلگىنى»... ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەردىكى ئاچقۇچلۇق سۆز ـ ئىبارىلەرنى كۆرسىتىپ باقايلى، دېمەك ماقال ـ تەمسىللەردىكى ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى بىلىش شۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەنىسىنى بىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن داد قالىدۇ. (نام بىلەن داد)

ئات كۆتۈرسەڭ ياخشى بىلەن كۆتۈر، سۇ كۆتۈرسەڭ بالداق بىلەن كۆتۈر. (ياخشى نام)

ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى (ئېشىپ كېتىش)

ئاتا بولماي ئاتا قەدرىنى بىلمەس. (ئاتا)

ئاتىلار سۆزى ـ ئەقىلنىڭ كۆزى. (ئاتا سۆزى)

ئاتا كۆرگەن ئوقيا ياسار، ئانا كۆرگەن كىيىم پىچار. (ئاتا ـ ئانا)

يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن، ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ئەۋزەل (ياخشى ئاتاق).

ئاتىلىقلار ئاتام دېسە قويۇلدى يېشىم، ئانىلىقلار ئانام دېسە ئېگىلدى بېشىم. (باش ۋە ياش)

ئاچ ئۆيدە قېتىق ئۇيۇماس. (ئاچ)

تارتىنچاق ئاچ قالار. (تارتىنىش)

ئاچ نېمىنى يېمەس، توق نېمىنى دېمەس. (ئاچ ۋە توق)

كىشىنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئاچ قالار. (قاراش)

بۈگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي. (ئاچچىق)

قورساقنىڭ ئاچقىنى ئەقلىنىڭ قاچقىنى. (قېچىش)

تار يەردە ئاش يېگۈچە كەڭ يەردە مۈشت يە. (تار ۋە كەڭ)

ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، ياماننى ماختىساڭ ئادىشىدۇ. (يارىشىش ۋە ئادىشىش)

ئادەتنىڭ دورىسى يوق، مەسچىتنىڭ مورىسى يوق. (ئادەت)

6. ماقال ـ تەمسىللەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىلەن بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى يەكۈنلەپ بېرىدىغان، خەلققە ئۈلگە، ئىبرەت بولىدىغان ئەقلىيە سۆزلەردۇر، مەسىلەن: «كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىخمۇ كۆيمىسۇن»دېگەن بۇ تەمسىل ھېچقايسى تەرەپكە زىيان بولماسلىق، ئادىل بولۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرسە، «ئۇچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەن بۇ ماقال بىر ئىشقا ھېچ ئەجىر سىڭدۈرمەي ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشنى ئىزلىگۈچىلەرنى قامچىلايدۇ. «ئاغزى كۆيگەن پۇدەپ ئىچەر»دې-





گەن بۇ ماقال بىرەر ئىشتىن ئاچچىق ساۋاق ئالغۇچىنىڭ كېيىنكى ئىشلاردا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەس» دېگەن بۇ ماقال بىر ئىشنىڭ ئالدىنئالا ئويلىغاندەك بولمايدىغانلىقىنى، يەنى سۇبيېكتىپنىڭ ئوبيېكتىپقا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«گۇلنى سۆيگەن تىكىنىدىن قورقماس» دېگەن ماقال بىر ئىشنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىدىن قورقماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرسە، «سادىن لاچىن تۇغۇلىدۇ» دېگەن تەمسىل كۆزگە ئىلىنمىغان ئادەملەردىن نى ـ نى ياراملىق ئەۋلادلارنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«قاغىنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ، كەكلىكنىڭ چاتىرىقى يېرىلىپ كېتىپتۇ» دېگەن بۇ تەمسىل كۈچ يەتمەيدىغان بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ زورۇقماسلىق كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

دېمەك، ماقال ـ تەمسىللەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. بۇلاردا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانا، ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا بولغان قاراشلىرى تولۇق ئەكس ئەتكەن.

ماقال ـ تەمسىل كىشىلەرنى ياخشىلىققا، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ، كىشىلەرگە ئادەم بولۇش يولىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: موللا بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس. ئادەمگەرچىلىك قېرىمايدۇ.

ئەقىلسىز باش پۇتقا ئارام بەرمەس. سىنىمىغان ئاتقا يۈك

ئارتما. ئارتۇق ئۇخلىساڭ ئاچ قالىسەن.

قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار، ئاتتىن ئارتۇق غۇنان بار. قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق.

كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كىشىگە دە، ئۆزىگە دېمە. كىشىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۆزىگە دە، كىشىگە دېمە. بىر ئاززۇ ئون ئاززۇنى تۇغىدۇ. ئەر ئارسىز بولماس، يىگىت يارسىز. ئارقامدىن دېگەنلەر تېزىكىمنى يېگەنلەر. تېرىغان خامان قىلار، تېرىمىغان ئارمان قىلار. ئارسالدى ئىشەكنى بۆرە يەپتۇ. ئورۇنسىز غەزەپ ـ ئۆزۈڭگە ئازاب. قاچقۇنغا شەپقەت يوق، ئازغۇنغا ھۆرمەت يوق. يولدىن ئازسىمۇ، يۇرتىدىن ئازماپتۇ... دېگەندەك. ماقال ـ تەمسىللەر ھۇرۇنلۇق ۋە باشقا ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ماقال ـ تەمسىل خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىقىدا، قايغۇ ـ ھەسرىتىدە، كۈرەش ۋە ئەمگەكلىرىدە يېقىن دوستى بولۇپ كەلگەن.

قىسقىسى، ماقال ـ تەمسىل ئومۇمىي خەلق تەپەككۇرىنىڭ، ئەقىل ـ ئىدرىكىنىڭ مەھسۇلى. مەسىلەن:

ئەگرى كىشى ئازىدۇ، توغرا كىشى ئۆزىدۇ.
ئىشنىڭ ئاسىنى يوق، قىلالىساڭ قىيىنى يوق.
ئاچقا قازان ئاستۇرما، مۇزلىغانغا ئوت ياقتۇرما.
ئاسرىساڭ كۆندە يېڭى كىيىم، ئاسرىمىساڭ كۆندە كونا كىيىم.
ئاسقۇدا گۆش بولسا، بىر كۈنى مېھمانغا ياراپتۇ.
ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا.
يالغۇز قىر ئاشقۇچە، كۆپ داۋان ئاشار.

ئاشىقىقا باغدات يىراق ئەمەس.
ئاشىقلىق ئاسان، جۇدالىق تەس.
مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئا غرىتقان ئاش ئەمەس.

تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى، ساقايمىغان ئاغرىقنىڭ ئۆلگىنى ياخشى.

كۆپ ئېغىز بىر بولسا، بىر ئېغىز يېگىلىدۇ.
يوقالغان پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن
سەۋەپ قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ.
سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق، قىلالمىساڭ ئامال يوق.

دېمەك، ماقال - تەمسىللەردە كىشىلەرنى ئەمگەكچان، راستچىل بولۇشقا رىغبەتلەندۇرۇپلا قالماي، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا سەۋرچان، تەدبىرلىك، كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

7. ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرى بىر ئاددىي جۈملە بىلەن بەزىلىرى بىر مۇرەككەپ جۈملە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاستا سۆزلىگەن كىشىنىڭ ئامالى كۆپ.
باش ئامان بولسا، دوپپا تېپىلار.
ئامانەتنى تۇتماڭ، يوقالسا تۆلەرسىز، تام تۈۋىدە ئولتۇرماڭ، يىقىلسا ئۆلەرسىز.
كىشىگە قىلساڭ يامانلىق، ئۆزۈڭگە تاپمايسەن ئامانلىق.
دوستۇڭ ئامانلىق تىلەر، دۈشمىنىڭ يامانلىق تىلەر.

ئاينىڭ ئونبەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ.
ئاياغ يوگورۇكى ئاشقا، ئىغىز يوگورۇكى باشقا.
ياخشىنىڭ ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەس.
دوست باشقا قارايدۇ، دۈشمەن ئاياغقا قارايدۇ.
ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار.
يامانىنى ئايىساڭ ياخشىلىق يوق.
ئات ئايىغان ئات مىنەر. كىيىم ئايىغان تون كىيەر.
ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ ئەت.
شاپتۇلدا باغ ئەتمە، ئۆچكىدە مال ئەتمە.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماقال - تەمسىللەردىن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە شەكلىدە كەلگەنلىرىنىڭ يەنى «دوست باشقا قارايدۇ، دۈشمەن ئاياغقا قارايدۇ»، «ئات ئايىغان ئات مىنەر. كىيىم ئايىغان تون كىيەر»، «شاپتۇلدا باغ ئەتمە، ئۆچكىدە مال ئەتمە.» ۋە بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە شەكلىدە كەلگەنلىرى «شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىماس»، «باش ئامان بولسا، دوپپا تېپىلار»، «يامانىنى ئايىساڭ ياخشىلىق يوق.» بىرقەدەر كۆپ بولىدىغانلىقىنى، ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە شەكلىدە كېلىدىغانلىرىنىڭ بىرقەدەر ئازلىقىنى يەنى:

«ئامانەتنى تۇتماڭ، يوقالسا تۆلەرسىز، تام تۈۋىدە ئولتۇرماڭ يىقىلسا ئۆلەرسىز.»... ئادەتتە ئاددىي جۈملە شەكلىدە كېلىدىغانلىرىنىڭ يەنى «ياخشىنىڭ ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەس»، «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار.»لارنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

8. ماقال - تەمسىللەر تىلدا ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش،

سىلىشتۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئۇچۇن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ بېرىدۇ.

پىلانسىز ئىش، قېلىپسىز خىش، دېسەك، بۇ ـ ئوخشىتىش، سانىڭ چۇجىگە ئىچى ئاغرىماس، دېسەك، بۇ — ۋەكىللىك ئوخشىتىش، سامان باشقىلارنىڭ بولسىمۇ، سامانلىق ئۆزۈڭنىڭ، دېسەك، بۇ — يوشۇرۇن ئوخشىتىش. توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا، دېسەك، بۇ — سېلىشتۇرۇش. يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۆيىدىغان، دېسەك، بۇ — مۇبالىغە.

يەنە تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەردە قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغانلىقىنى ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرىمىز:

ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا.
ئەخمەقنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق.
كۆپ سۆز ئادەمنى ئەخمەق قىلار.
ئەل بار يەردە ئەر بار.
يامانىنى قويۇپ بەرسە ئەركىگە، كۈندە چىچىدۇ بۆكىگە.
مىلچىگنى ئەزمە يېگىدۇ، ئەزمىنى خۇدادىن بەزمە يېگىدۇ.
ئالغاندا بىسمىللاھ، بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللاھ.
ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، يامان تۇغقان ئۆلگەندە ياخشى.
تۆگىدەك بويۇڭ بولغۇچە. تۈگمىدەك ئەقلىڭ بولسۇن.
ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر، نادان دوستىنى ئەيىبلەر.

ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.
ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك.
ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي.
يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.
ئېغىزدا بار ئەمەلدە يوق.
ئەملى يوق سوپىدىن توخۇمى يوق توخۇ ياخشى.

9. ماقال ـ تەمسىللەر يازما ۋە ئېغىز نۇتقىمىزنىڭ ئاممىبابلىقىنى، بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇشتا، ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇشتا، نۇتۇقتا ئېنىقلىق، جانلىقلىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلاشتا زور رول ئوينايدۇ.

مەسىلەن: تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تەربىيىۋى رولى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ، ئۇنى كونكرېت نۇتۇق ئالاقىسىدا ئىشلىتىشكە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئالايلى:

بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس.
كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر، كۆپ يۈرگەن يولچى بولۇر.
بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە، ئەمدى باغ ئايلىنىپ كېلەر.
ساقلىنى ساتقان قېرىدىن ئەمگىكىنى ساتقان بالا ياخشى.
سۇسىز ھايات بولماس ئەمگەكسىز راھەت بولماس.
ئەندىشىنىڭ ئېتى قورققاق.
گۆر ئەنسىزلىكىدىن ئۆي ئەنسىزلىكى يامان.
ئۆيۈڭدىكى ئەھۋالنى قوشناڭدىن سورا.

بار بارنى قىلار، يوق نېمىنى قىلار.
بۇغدايىنىڭ بارار يېرى تۈگمەن.
بارار جايى بولمىغان باجىسىنىڭ ئۆيىگە بارار.
كۆككە باقما، كۆپكە باق.
زامان ساڭا باقمىسا سەن زامانغا باق.
ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا باق، سۇنىڭ ئېقىشىغا باق.
مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا.
ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا.
بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا.
بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ.
ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق.
ھەرىكەتتە بەرىكەت، بىكارچىلىقتىن نېرى كەت.
مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئامراق.
سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل.

10. ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا بىرنەچچە يۈز ماقال - تەمسىل كىرگۈزگەن، بۇلار ناھايىتى ئوبدان ئىزاھلانغان. بۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئاز - تولا ئۆزگەرگەن ھالدا خەلقىمىز ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

مەسىلەن: «كۆزەگۈ ئۇزۇن ئولسا ئەلى كۆيمەس» (كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس)

«بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قۇزغۇنۇڭ يىغاچ باشىدا» (بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا).

«كۆكە ساغۇرسا يۇزكە تۈشەر» (ئاسمانغا تۈكۈرسە يۈزگە چۈشەر).

«قارى ئۆگۈز بالدۇقا قورقماس» ( قېرى كالا پالتىدىن قورقماس).

«سۈۋ كۆرمەكىنچە ئەتۈك تارتما» (سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما).

11. ماقال بىلەن تەمسىلمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ماقالدا ئەدەبىي خۇسۇسىيەت ناھايىتى قويۇق بولىدۇ، يەنى شېئىرىيەتتە بولىدىغان قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق بولىدۇ. مەسىلەن:

«ياخشىلىق قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ»، «تەگمىسەڭ تېرىق بولار، تەگمىسەڭ ئېرىق بولار»، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە»، «ئەقىل ياشتا، ئەمەس، باشتا» دېگەندەك. بۇنداق ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ماقاللارنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىنمۇ تېپىش مۇمكىن. مەسىلەن: «ئاچ نە يەمەس، توق نە تەمەس» (ئاچ نېمە يېمەيدۇ، توق نېمە دېمەيدۇ)... «ئەر كەچ ئەتى ئەم بولەر، ئەچكۈ ئەتى يەل بولار» (ئەركەك ئۆچكە گۆشى دورا بولىدۇ، چىشى ئۆچكە گۆشى يەل بولىدۇ) دېگەندەك...

تەمسىل ماقالغا ئوخشىمايدۇ. «تەمسىل» دېگەنلىك ئوخشىتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ماقالدا بولغاندەك ئەدەبىي خۇسۇسىيەت ئۇ قەدەر قويۇق بولمايدۇ. تەمسىلدە تۇرمۇشتىكى بەزىبىر ھادىسىلەر تەسۋىرىي ھالدا ئىپادىلىنىپ ئوي ـ پىكىر كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ. بۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ـ خۇلقى ـ مىجەزى ھايۋان ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈستىگە كۆچۈرۈ-

لۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ كەمچىلىك ـ قۇسۇرىنى كۆرمەي، باشقىلارنىڭ كەمچىلىك ـ ئەيىبىنى كۆرۈ-دىغانلىقىنى «ئۆچكىنىڭ ئوچۇق تۇرسا گەپ يوق، قوينىڭ ئې-چىلىپ قالسا هايت ـ هۇيت». بىر ـ بىرىنى كۆپ سېغىنغان يىراقتىكى تۇغقانلار بىر يەرگە جەم بولغاندىن كېيىن بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمىغانلىقىنى «يىراق بولسا كىشنىشەر، يې-قىن بولسا چىشلىشەر»، بىراۋنىڭ باشقىلاردىن نەپ ئېلىشنىلا بىلىپ، ئۆزى باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغانلىقىنى «بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا»؛ ئۆزى ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى باشقىلارغا يامان قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى «قول يەتمىگەن شاپ-تۇل ئاچچىق»، بىر نەرسىنىڭ باهانىسى بىلەن ئۆزى بەھرىمەن بولغانلىقىنى «بۇغدايىنىڭ باهانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دې-گەندەك تەمسىللەر بىلەن ئىپادىلەنگەنگە ئوخشاش، يەنە تۇر-مۇشتىكى بەزىبىر قاملاشمىغان قىلىقلارنى «تاز باشقا گۈل قىسقاندەك»، «پايپاقىقا ناهال قاققاندەك» دېگەنگە ئوخشىغان تەمسىللەر بىلەن ھەجۋىي ۋە مەسخىرە قىلىش مۇمكىن. شۇنداقلا بۇرۇنقى ئورۇن، مەرتىۋىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، يەنىلا مەنمەنلىكىنى قويمىغان، هالىغا باقماي، باشقىلارنى ئۆ-زىدىن تۆۋەن سانايدىغان ئادەملەرنى «ئاتتىن چۈشسە ئۈزەڭگى-دىن چۈشمەيدىغان»دېگەن تەمسىل بىلەن سۈپەتلەش مۇمكىن.

21. يەنە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىدىيوم، ماقال ـ تەمسىللەرنى ئۆز خاھىشىمىز بىلەن ئۆز-گەرتمەسلىكىمىز، يىنىكلىك بىلەن ياساپ چىقماسلىقىمىز لازىم. ياسىغان تەقدىردە ئۇ ئاممىنىڭ سۆزلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئىدىيوم، ماقال ـ تەمسىللەردە بولىدىغان خۇسۇسى-



يەتلەر بولۇشى لازىم. يېقىندا جەنۇبتىكى مەلۇم مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىر دوستۇم مېنىڭ ماقال - تەمسىل ھەققىدىكى گەپ - سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خىر - خىر كۈلۈپ تۇرۇپ: ئەينى چاغدا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش باشلانغان چاغدا، بىزگە ئوخشىغان ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ستۇدېنتلارنى يىغىۋېلىپ، يا بىرنەچچە كۈپلېت قوشاق ياكى بىرنەچچە ماقال - تەمسىل تۈزۈشكە زورلىغان ئىشلار بولغان ئىدى، — دېدى.

— نېمىشقا؟ — دېدىم ئەجەبلىنىپ.

— چۈنكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاشمۇ ئاسان ئەمەس - تە، — دېدى.

دېمەك، ئىدىيوم، ماقال - تەمسىللەرنى يېڭىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىدىكەنمىز ياكى ياسايدىكەنمىز، ئۇ ھالدا، ئىدىيوم، ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭ مىسالى:

1) ئۇيغۇر خەلقىگە ئادەت بولۇپ كەتكەن يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتتىن كۆز ئالدىدىكى ھازىرقى مەنپەئەتنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دېگەن ماقال «ئەتىكى ھاراقتىن بۈگۈنكى سوغۇق سۇ ياخشى»، دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

2) خەلققە ئادەت بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەن «گۆشنى يېگەنمۇ ئوغرى، شورپىسىنى ئىچكەنمۇ ئوغرى» دېگەن ماقال «توخۇ ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى، تۇخۇمىنى يېگەنمۇ ئوغرى» دېگەنگە ئۆزگەرتىلگەن.

3) ھەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى قىلسۇن دېگەن مەنىـ نى بىلدۈرىدىغان «قوينى قاسساپ سويسۇن» دېگەن تۇراقلىق ئىبارە «قۇچقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دەپ ئۆزگەرتىلـ گەن. دېمەك، ئادەملەر يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ناھايىتى يېنىكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان.

31. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئۇزاق تارىخىي جەرياندىن بارلىققا كەلگەن، ھازىرقى ماقال ـ تەمسىللەر ئىلـ گىرىكى ماقال ـ تەمسىللەر ئاساسىدا تېخىمۇ ئىخچام، تېخىمۇ مەزمۇنلۇق بولۇش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن. مەسىلەن:

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «يامانغا يولۇقساڭ يالـ سى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار»دېگەن ماقال «ئەتەبە۔ تۇلھەقايىق»تا ئۇچرايدىغان «يامانغا يولىما، يامانلارنىڭ گەپلىرى سېنى تېزدىنلا يامان قىلىقلىق قىلىپ قويىدۇ. »دېگەن ماقال ئاساسىدا؛

«تاياق يارىسى كېتەر، تىل يارىسى كەتمەس»دېگەن ماقال «كىشىنى تىل بىلەن ئازابلىما، شۇنى بىلگىنكى، ئوق يارىسى ساقىيىدۇ، (لېكىن) تىل يارىسى ساقايمايدۇ» دېگەن ماقال ئاـ ساسىدا؛

«بېشىڭ نەدىن كېتەر تىلىڭدىن» دېگەن ماقال «كىشىگە ھەر ئىش كەلسە، تىلىدىن كېلىدۇ، كىمنىڭ ياخشى، كىمنىڭ ئەسكىلىكى تىلىدىن مەلۇم بولىدۇ»ياكى «بىلمىسىزلەر دائىم بىلمەستىن سۆزلەۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز تىلى ئۆز بېشىنى يەيدۇ» دېگەن ماقاللار ئاساسىدا؛

«ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى» دېگەن ماقال «يامانلىق قىلغان

كىشىگە سەن ياخشىلىق قىل، ياخشى بىلگىنكى، بۇ، كەڭ قورساقلىقنىڭ ئۇستۇ پەللىسىدۇر» دېگەن ماقال ئاساسىدا؛

«يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن كۆپ»دېگەن ماقال «مىڭ ئادەم (ساڭا) دوست بولسا، ئۇنى كۆپ كۆرمە، بىر ئادەم (ساڭا) دۈشمەن بولسا، ئۇنى ئاز دېمە» دېگەن ماقال ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى شۈبهىسىزدۇر.

دېمەك، يۇقىرىقىلار بىزگە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال – تەمسىللەرنىڭ قەدىمكى زامان ماقال – تەمسىللىرىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى ئىكەنلىكىنى؛ ماقال – تەمسىللەر ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ مەهسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئۆگىنىشكە ئالاهىدە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم.

41. ماقال ـ تەمسىللەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، خەنزۇچىدىن تەرجىمە ئارقىلىق تىلىمىزغا نۇرغۇنلىغان ماقال ـ تەمسىللەر كىرىپ ئۆزلىشىپ، تىلىمىزنى بېيىتتى. ئوي ـ پىكىرنى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ ئوخشۇشلۇق ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى ۋە تۇغۇلماقتا. مەسىلەن:

«يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا»، «ئاغرىققا قاراپ دورا بەرمەك»، «كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتۇلدۇرماق»

## ئا

☜ ئابرويپەرەس نام كۆتۈرەر، ئېغىر ـ بېسىق تاغ.

مەنىسى: بۇ ماقالدا شۆھرەتپەرەسلەر پەقەت قۇرۇق نام ـ ئاتاق ئۈچۈن يۈگۈرەيدىغانلىقى، بىراق ئىشچان، تەمكىن ئادەملەردەك چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت پىكىر بىۋاسىتە ئىپادىلەنگەن.

☜ ئانانىڭ بېشىدا كۆتۈر، بالانى قولۇڭدا كۆتۈر.

مەنىسى: بۇ ماقالدا، بالىغا قارىغاندا ئانىنى تېخىمۇ قە-دىرلەشنىڭ، ھۆرمەتلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى تىلغا ئېلىنغان.

☜ ئانانىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ خورلۇق كۆرمەيسەن.

مەنىسى: بۇ ماقالدىكى دۇئا دېگەن سۆز (1) خۇداغا يېـ-لىنىپ، ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەپ قىلىنغان ئىلتىجا: دۇئا قىلماق، دۇئا ئالماق. (2) ياخشى تىلەك، رازىلىق (2) پاتىھە قىلغاندا ئوقۇلىدىغان قۇرئان سۈرىسى.

دېمەك، ماقالدا ئانىنى كۈتۈش، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ـ دۇ-ئاسىنى ئېلىشنىڭ مەڭگۈلۈك خورلۇق كۆرمەيدىغان دەرىجىدىكى خاسىيەتكە ئىگە ساۋاب ئىش ئىكەنلىكى ئىپادە قىلىنغان.

☜ ئانانىڭ قارغىشىنى ئالساڭ خوۋلۇق كۆرمەيسەن.

مەنىسى: بۇ ماقالدا، قارغىشقا ئۇچرىماق، قارغىش ئال-



ماق، بېشىنى يېگۈر، جۇۋاينىمەك دېگەن مەنىلەردىكى قارغىش ئىبارىسى بولۇپ، ياخشى كۈن، خوشلۇق كۆرۈش ئۈچۈن ھەرگىز ئاننى رەنجىتمەسلىك كېرەكلىكى ئەسكەرتىلگەن.

**☞ ئاتا ـ ئانىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىل، خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىل.**

**مەنىسى:** بۇ ماقالدا خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بىر ياخشى نەسىھەت ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

**☞ ئاتا ـ ئانا يايرىسا باغ، يۆلەنسە تاغ.**

**مەنىسى:** بۇ ماقالدا سالاپەتلىك، سۈرلۈك، مەزمۇت تاغدەك ئاتىلار بىلەن ئۆزىنىڭ شېرىن نېمەتلىرى بىلەن بالىلىرىنى باغرىغا باسقان باغدەك ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ بەختى ئىكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەزىدە بۇ ماقال «ئاتا دېگەن تاغ، ئانا دېگەن باغ» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ، لېكىن بۇ ئىككى ماقالنىڭ مەنا بىردەكلىكى بار.

**☞ ئاتا ـ ئاننى باققان كىشى، ئوڭ بولۇر دائىم ئىشى.**

**مەنىسى:** بۇ ماقالدا، روشەنكى، ئاتا ـ ئانىسىنى ئوبدان باققان پەرزەنتلەرنىڭ ئىشىنىڭ ئوڭ بولىدىغانلىقى، خىزمەت ۋە تاپاۋىتىنىڭ روناق تاپىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

**☞ ئاتاڭ شوتا بولسا، ئاناڭ بالدىقى.**

**مەنىسى:** بۇ ماقالدا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى

پەرزەنت ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلايدىغانلىقى يەنى ئۇلار پەر-زەنتىنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشى، ئېگىزگە ئۆرلىشى ئۈچۈن شوتا ياكى بالداق بولۇشقا دائىم تەييار تۇرىدىغانلىقى ئىپادىلەن-گەن.

☜ ئاتاڭغا مۇشت كۆتۈرمە، يېتىمگە تاش كۆتۈرمە.

مەنىسى: بۇ ماقالدا «مۇشت» بىلەن «تاش»تىن ئىبارەت زەربە بېرىش قورالىنى ئاتىغىمۇ ھەتتا يېتىمغىمۇ يولاتما دېگەن پىكىر يورۇتۇلغان. ئادەمدە ئاتىنىڭ ھەققى بولغاندىن باشقا يې-تىمنىڭمۇ ھەققى بولىدۇ.

☜ ئاتاڭ قېرىسا قۇل قىلما، ئاناڭ قېرىسا تۇل قىلما.

مەنىسى: بۇ ماقالدا ھەرقانداق پەرزەنتنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا توغرا ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكى يەنى ئۇلارنى ئۆز ئىشلىرىغا سېلىپ قۇلغا ئوخشىتىپ قويماسلىقى، يالغۇز غېرىب قالدۇرماسلىقى ئىپادە قىلىنغان.

☜ ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى.

مەنىسى: بۇ ماقالدا، كۆرۈنۈشتە نامى بار بىرەر دۆڭنىڭ ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىكىر تىلغا ئې-لىنغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئارتۇقچىلىقى ياكى بىرەر تۆھپىسى بىلەن جامائەت ئارىسىدا تونۇلۇشى كېرەك دېيدىغان پىكىر يورۇتۇلغان.

☜ ئاتا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، ئانا ئۆينىڭ يۈرىكى.

مەنىسى: بۇ ماقالدا ئاتا ئۆينىڭ قورغۇچىسى، تۈۋرۈكى،

ئۆلى دەپ، ئاتا ئۆينىڭ يۈرىكى، قەلبى، دىلى دەپ ئۇلۇغلىنىغان. ئاتا ماددىي ئاساسقا، ئانا مەنىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىنىغان. بۇ خىل ماددىي ھەم مەنىۋى بىردەكلىك ئىناق ئائىلىنى بەرپا قىلىدۇ.

**☞ ئاتا يوللۇقتا ئاتتىن چۈش.**

مەنىسى: بۇ ماقال ئاددىي بىر جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇن بىرقەدەر كەڭ. بۇ يەردە قىسقارتىپ شۇنى دېيىش كېرەككى، ماقالدا، ھەم ياشانغان ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملەرگە چىن، سەمىمىي ھۆرمەت بىلدۈرۈش كېرەكلىكى ئىپادە قىلىنىغان.

**☞ ئات قەدرىنى بىلمەس پىيادە ماڭمىغۇچە، ئاش قەدرىنى بىلمەس ئاچ قالمىغۇچە.**

مەنىسى: بۇ ماقالدا، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق شەيئى ۋە ئىشلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قىلالايدىغان بولۇش كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنىغان.

**☞ ئاتىنىڭ زىننىتى ــ ئىگەر، ئەرنىڭ زىننىتى ــ ھۈنەر.**

مەنىسى: بۇ ماقالدىكى «ئاتىنىڭ زىننىتى ــ ئىگەر» دېگەن بۆلەك مۇشۇ ماقالدىكى قوشۇمچە مەزمۇن، «ئەرنىڭ زىننىتى ــ ھۈنەر» دېگەن بۆلەك ئاساسىي مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ماقالدىكى پىكىر شۇكى، ئەردە ھۈنەر بولمىسا بولمايدۇ، ھۈنەر دېگەن ئەر ئۈچۈن زىننەت، ئەر ئۈچۈن باشقا زىننەت يوق، خۇددى ئاتقا ئىگەر زىننەت بولغاندەك...

**☜ ئاتىسى بولۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق، ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى بوغۇشقاق.**

مەنىسى: بۇ ماقالدا، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلارغا يان بېسىپ، ئۇلارنى توغرا يېتەكلىمەي، ھە دېسە بالىلار ئارىسىغا كىرىۋېلىشىنىڭ يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

**☜ ئاتىسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى كەلمەس.**

مەنىسى: بۇ يەردىكى «ئىلگىرى كەلمەس» دېگەن سۆز روناق تاپالماسلىق، ياخشى كۈن كۆرەلمەسلىك دېگەنلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ماقالدا، پەرزەنتنىڭ ئاتىنى رەنجىتمەي، ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇشى زۆرۈرلۈكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**☜ ئاتنى چىققانى ياتمۇ تونۇيدۇ، پاتنى چىققانى تونۇمايدۇ.**

مەنىسى: بۇ ماقالدا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياخشى ئاتاق، ياخشى نامغا ھېرىسمەنلىكى، جېدەل ـ ماجىرا، يامانلىقتىن بەدەر قاچىدىغانلىقى ئىپادە قىلىنغان.

**☜ ئات ئىگىرى بىلەن ئادەم بىگىرى بىلەن.**

مەنىسى: بۇ ماقالدا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەردانە، باتۇر ۋە جىگەرلىك بولۇش كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغان.

**☜ ئاجىزلارغا كىرىلمەك، كاتتىلارغا ئېگىلمەك.**

مەنىسى: بۇ ماقالدا، كىشىلەر ئارا نورمال كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئادەمگەرچىلىك تەكىتلىنىش بىلەن بىللە، ئا-



جىزلارغا، غېرىب ـ غۇربالارغا ھېسداشلىق قىلىش قۇۋۋەتلەنگەن.

☜ **ئاچچىق يۇتماق تاغ يۇتماق.**

**مەنىسى:** بۇ ماقالدىن، ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنىڭ ئۆزى «تاغ يۇتماق» تىنىمۇ تەس ئىش ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس. بۇ ماقال بىلەن مەنىداش بولغان «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر»، «ئادەمنىڭ ئادەملىكى ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنەر» دېگەن ماقاللارمۇ بار.

☜ **ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە ئەلنىڭ بالىسى بول.**

**مەنىسى:** بۇ ماقالدىن بىز بىزگە ئۆز ئائىلىسىنى، قېرىنداشلىرىنى سۆيىدىغان پەرزەنتلا كېرەك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆز مىللىتىنى، خەلقىنى قىزغىن سۆيىدىغان پەرزەنتنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىۋالىمىز.

☜ **ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ تەمسىلدە، كۆرۈنۈشتە، «ئات» ۋە «ئۈزەڭگە» تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئادەملەرنىڭ خۇي ـ پەيلى ۋە خاراكتېرىگە ئىما ـ ئىشارەت قىلىنغان. بۇ تەمسىل بىراۋنىڭ بىرەر ئىشتا ياكى سۆزدە گەرچە كەتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ جاھىللىق قىلىپ، رەسۋا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

☜ ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

مەنىسى: بۇ تەمسىلدىكى ئاچقۇچلۇق سۆز «ئالا» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ھايۋانغا قارىتىلغاندا، ئاق بىلەن باشقا رەڭنىڭ ئارىلىشىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان رەڭنى كۆرسىتىدۇ، ئادەمگە قارىتىلغاندا، ئالا كۆڭۈل يەنى نىيىتى قارا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ تەمسىلدە، ھايۋاننىڭ رەڭگىنى ئۇنىڭ تېرىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولسىمۇ، ئادەمنىڭ نىيىتىنى بىلمەك تەس دېگەن مەنا چىقىپ تۇرىدۇ.

☜ ئاسمان يىراق يەر قاتتىق.

مەنىسى: بۇ تەمسىل كۆپىنچە بىراۋنىڭ باشقىلار ئالدىدا قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، شۇ خىل قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئامالنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ ئات ئايلىنغا يول سارىنغا.

مەنىسى: بۇ تەمسىل بىرى، ئېغىزدا دېگەن گەپ بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلغان ئىشنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، يەنە بىرى، تىلى بىلەن دىلى باشقا ـ باشقا ھالىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

☜ ئاقلىق ئىنەك تۆلكۈيچە ئاقلىق ئاتالماس.

مەنىسى: بۇ تەمسىلدىكى «ئاقلىق ئىنەك» دېگەن سۆز سۈتلۈك ئىنەك دېگەن مەنىدە.

بۇ تەمسىل، ئەجرى ۋە تۆھپىسى بار كىشىلەرنىڭ كۆپىنچە لايىقىدا ئېتىراپ قىلىنمىشقا ئۇچرىمىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**ئەمگەكنىڭ ئۈستى جاپا، تېگى ئالتۇن.**

مەنىسى: ئەمەلىيەتتە بۇ ماقالدا ئەمگەك قىلىش تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا بەك ئەھمىيەتلىك ھەم ئالتۇندەك قىممەتـ لىك ئىش دېگەن پىكىر ئىپادىلەنگەن.

**ئەمگەكتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ.**

مەنىسى: بۇ ماقالدا، قىلغان ياخشىلىقنى كۆز ـ كۆز قىلما ۋە باشقىلارغا دەپ يۈرمە دېگەن پىكىر ئىپادىلەنگەن.

**ئەمەلداردىن غالچا يامان، چېلىدىن تۈتكەن تامچە يامان.**
**ئاتامنىڭ تاپقىنى ئاپامنىڭ باركاللىسىغا يەتمىدى.**

مەنىسى: بۇ، ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان بىر ئايالـ نىڭ ئورۇنسىز قائىدە ـ يوسۇنلار ئۈچۈن بەدخەجلىك قىلغانـ لىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر.**

مەنىسى: بۇ، (بىراۋ ساڭا يامانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇـ نىڭغا ياخشىلىق قىلىش يولى بىلەن ئۇنى تەسىرلەندۈر) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتا كەمپىلىكى ئەمەس، لاتا كەمپىلىكى.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا كىيىمگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش توغرا ئەمەسلىكىنى، بىراۋنىڭ كىيىمى ئەسكى بولسىمۇ ئۇـ نىڭدا گۈزەل ئەخلاق، پاك ۋىجدان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئايلىنانغا، يول سارىڭانغا.**

مەنىسى: بۇ ئىشنى ئاتاقتا باشقا ياققا بۇيرۇپ قويۇپ، ئەمەلدە ئۆزى بىلگەننى قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار.**

مەنىسى: بۇ ئەسلىي ئورۇن - ماكاننى تاپىدىغانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ

**ئات تاپقۇچە ئېگەر تاپ.**

مەنىسى: بۇ بىرەر ئىشقا رەسمىي كىرىشىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ زۆرۈر ھازىرلىقىنى قىلىپ قويۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتتىن چۈشۈپ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەسلىك.**

مەنىسى: بۇ بۇرۇنقى ئورۇن - مەرتىۋىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، مەنمەنلىكىنى قويماي، يەنە بۇرۇنقى ھالى بويىچە يۈرىدىغان شەخسلەرنى سۈرەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئاتقا ئېگەر كېرەك، ئېگەرگە ئەر كېرەك.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىش ئۈچۈن ماتېرىيال ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان ئادەم بولغاندىلا ئاندىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتقان ئوق يېنىپ كەلمەس، ئېيتقان سۆزنى قايتۇرۇۋالغىلى بولماس.**

مەنىسى: بۇ ئېغىزدىن چىققان سۆزگە ۋە بېرىلگەن ۋە-

دىگە ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئات كەينىگە مىنگەشمە، مىنگەشكەندىن كېيىن ۋاي دېمە.**
مەنىسى: بۇ بىر ئىشقا كىرىشكەن ئىكەن، ئۇنىڭ جا-پا - مۇشەققىتىگە چىداش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە، ئىتنى چىشلىمەيدۇ دېمە.**
مەنىسى: بۇ سەگەك، سەزگۈر ۋە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتمىش ياشلىقتىن سورىما، ئالتە ياشلىقتىن سورا.**
مەنىسى: بۇ ئەقىل ياشقا باغلىق ئەمەسلىكىنى، ھەر ياشتا ئەقىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاتىسى ئاتالمايدۇ قوشقۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توشقۇزنى.**
مەنىسى: بۇ كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىنقىلاردىن ئۆزۈپ كې-تىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاچ دەردىنى توق بىلمەس، كېسەل دەردىنى ساق بىلمەس.**
مەنىسى: بۇ بېشىغا بىرەر ئىش كەلمىگەن بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلمەيدۇ، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**ئاچچىقنىڭ دورىسى سۈكۈت (ئاچچىقنى يۇتۇش تاغ يۇتۇش)**
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى تەمكىن، ئېغىر - بېسىق بو-لۇشقا ئۈندەيدۇ.

☞ **ئاپلىقتا تۇتقان قاپاقنى توقلۇقتا ئۇنتۇما.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە ئېغىر كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قال-ماسلىق، ياخشى كۈنلەرنىڭ قەدرىگە يېتىش توغرىسىدا مەسلى-ھەت بېرىدۇ.

☞ **ئاپنىڭ قارنى تويىسمۇ، كۆزى تويماس.**

مەنىسى: بۇ، ئاچ كۆز، دۇنياخورلارنىڭ قانائەتسىزلىكى-گە قارىتىپ قوللىنىلىدۇ.

☞ **ئاچ ئۆيدە قېتىق ئۇيۇماس**

مەنىسى: بۇ، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقى تۈپەيلى ئا-ئىلىدە ھېچبىر نەرسە ئېشىنغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۇ-رىدۇ.

☞ **ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم.**

مەنىسى: بۇ، جامائەتچىلىك بىلەن بىللە بولۇش لازىملىقىنى، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋ سېنى ھۆرمەتلىگەن ئىكەن، سەن ئۇنى ئىززەتلە، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى.**

مەنىسى: بۇ بىراۋ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئۇنىڭ كى-

يىمىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمە.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەرنىڭ يا بىلىپ يا بىلمەي خاتالىق ـ كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: خام سۈت ئەمگەن بەندىمىز، خەير، بۇ ئەيىبىندىغۇ بىزنىڭ بويىنىمىزغا قويارسەن، ھەقىقەتەنمۇ قويۇشقا ھەقىقىمۇ باردۇر... «ئۆتكەن كۈنلەر».

**☜ ئادەم دېگەن ھۆل نېمە.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەرنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ئازابلارغا ھەرقانچە ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئادەم دېگەن ھۆل نېمە دەپ ئۆتمۈشتە دانا،
ئەجەب بەرگەن ئىكەن ئىنسانغا مەنە.
ئەگەر پىل بولسىمۇ قىسمى بولۇر خاك،
پەلەك قىلسا ئۇنى گەر مۇنچە غەمناك.
ئا. ئۆتكۈر «قەشقەر كېچىسى»

**☜ ئادەم دېگەن قىزىل يۈز نېمە.**

**مەنىسى:** بۇ، بىراۋنىڭ كەمچىلىك ـ خاتالىقى توغرىسىدا يۈزمۇيۈز سۆزلەشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئادەمنىڭ ئادەملىكى ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنەر.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئاچچىقىغا ھاي بېرە ـ

لەيدىغان ـ بىرەلمەيدىغانلىقىغا، ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن ياكى قىزىققان، يەڭگىللىكىگە قاراپ باھا بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.**

مەنىسى: بۇ، ھايۋاننىڭ ئەيىب ـ قۇسۇرىنى شۇئان بىلگىلى بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئەيىب ـ قۇسۇرىنى ئوڭاي بىلگىلى بولمايدۇ، دېگەن مەنىدە.

**ئادەمنىڭ تېشىغا باقما، ئىچىگە باق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئادەمگە باھا بېرىشتە ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئەمەس، ئىچكى دۇنياسىغا قاراش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئادەم يەرنى ئالدىمىسا، يەر ئادەمنى ئالدىماس.**

مەنىسى: بۇ يەرگە تۇجۇپىلەپ ئىشلىگەندىلا ئاندىن يەر ئادەمنى نائۇمىد قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئارىسالدى ئىشەكنى بۆرە يەر.**

مەنىسى: ئىشتا ئىككىلەنگەندە، بىقارارلىق قىلغاندا زىيان تارتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇچۇن جۈرئەتلىك بولۇشنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ ساپالىق ـ سۈپەتلىك بولۇشىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئاز سۆزلە، كۆپ ئاڭلا.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەرنى كەمتەر بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

☜ **ئاز سۆزلە، ئۈز سۆزلە.**

**مەنىسى:** بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق سۆز ئۈز دېگەن سۆز قۇمۇل شېۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايلىق، گۈزەل دېگەن مەنىسى بار. بۇ ماقال كىشىلەرنى پاساھەتلىك، گۈزەل سۆزلەشكە ئۈندەيدۇ.

☜ **ئازغا قانائەت قىلمىغان كۆپتىن قۇرۇق قالار.**

**مەنىسى:** بۇ «كۆپ»نىڭ ھامان «ئاز»دىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىشنى ئازدىن باشلاش لازىملىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

☜ **ئاز يەپ ئاسان تىرىل.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەرنى قانائەتچان بولۇشقا، نەپسىنى دەپ ئۆزىنى بۇلغىماسلىققا ئۈندەيدۇ.

☜ **ئاستا ماڭغان تاغ ئاشار، يۈگۈرگەن باغ ئاشار.**

**مەنىسى:** بۇ، بىر ئىشنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاخىرىغا قەدەر داۋاملاشتۇرغاندىلا ئاندىن بىر نەتىجىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان، توختاپ قالغان يامان.**

**مەنىسى:** بۇ، ھەرقانداق بىر ئىشتا ئىشەنچنى بوشاشتۇرماي، ئاخىرىغا قەدەر بەرداشلىق بېرىش كېرەكلىكىنى بىل-

دۇرىدۇ.

☜ **ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەك.**
مەنىسى: بۇ، ئىشقا ئاشمايدىغان خام خىيالنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئاسمانغا چىقسا تاپىندىن، يەرگە كىرسە كوكۇلىسىدىن تارتماق.**
مەنىسى: بۇ، قۇتۇلۇپ كېتىشكە ھېچ ئىمكان قالمىغانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئاسمان يىراق يەر قاتتىق بولۇپ كەتمەك.**
مەنىسى: بۇ، ئامالسىزلىق ۋە خىجالەتچىلىك قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئاسمان يىقىلىپ چۈشسە، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغان.**
مەنىسى: بۇ، ھەددىدىن ئارتۇق بىغەملىك ۋە بىپەرۋالىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئاش دېسە كىلىك تاز، ئىش دېسە قىيىك تاز.**
مەنىسى: بۇ، يېيىشنىلا بىلىدىغان، ئىش خۇشياقماس ئادەملەرنى قامچىلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئاغرىق پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقار.**
مەنىسى: بۇ، ئاغرىق ئادەملەرگە تەسەللىي بېرىش يۈزىسىدىن سۆزلىنىدىغان سۆز بولۇپ، كېسەلنى سەۋرلىك بىلەن

داۋالىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

**ئاغرىقنىڭ تۈزەلگۈسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كېلەر.**

**مەنىسى:** بۇ، بىر ئىشنىڭ ھەل بولۇشىدا ئوڭغا تارتقانلىقنى، ئۇ ئىشنىڭ بېجىرىلىشىدە شەرت ـ شارائىتنىڭ ئەپلىشىپ بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا.**

**مەنىسى:** بۇ، ھەرقانداق يامان ـ ئەسكى ئىشنى ئۇزۇن مۇددەت يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇ بەرىبىر خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارا بولۇپ، رەسۋا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق.**

**مەنىسى:** بۇ، ياخشى نىيەت بىلەن بىراۋنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ قويۇپ، ئاخىر ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك ياكى باش ئاغرىقى تېپىۋالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزى بىلەن كۆتنىڭ پەرقى يوق.**

**مەنىسى:** بۇ، قىلغان گېپىگە ئىگە بولمايدىغان، سۆزىدىن يېنىۋالىدىغان ئادەملەرنى سۈرەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقماق.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدىكى سەمىمىيەتسىزلىكنى ـ لولىلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىدىن ئۈنچە - مارجان تۆكۈلمەك.**

مەنىسى: بۇ، پاساھەتلىك سۆزلىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىغا ئاق ئىت كىرىپ، كۆك ئىت چىقماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئاغزىنىڭ ناھايىتى بىزەپلىكىدىنى، سۆزدىكى بىشەملىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىڭ قېنى؟ دېسە، قۇلىقىنى كۆرسەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ئاڭقاۋلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىمدى چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز ئاغزى بىلەن ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالغانلىقنى ياكى ئۆزىگە بالا تېپىۋالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىمغا چىش چىققاندىن بېرى (بۇيان).**

مەنىسى: بۇ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ھالغا كەلگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاغزىنى باسسا كۆتى، كۆتىنى باسسا ئاغزى.**

مەنىسى: بۇ، جاۋىلداق، ئاغزى بۇزۇق، بىشەم ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئاغزى ئېچىلىپ كۆزى يۇمۇلماق.**

مەنىسى: بۇ، ئاچچىق، غەزەپنىڭ قاتتىق كەلگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.





☜ **ئاق تاغلىق قارا تاغلىق بولۇشۇپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، ئىككى ئادەم ياكى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئاق قويدىن قارا قوزىمۇ تۇغۇلىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ياخشى ئائىلىدىن يامان ئەۋلادنىڭ تۇغۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئاق ئىت قارا ئىت ھەممىسى بىر ئىت.**

مەنىسى: بۇ، كۆرۈنۈشتە باشقا ـ باشقا بولسىمۇ، ماھىيىتى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ (خوجايىنىڭ كىم بولسا، ماشايىقىڭ شۇ).**

مەنىسى: بۇ، خوجايىنىڭ كىم بولسا، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىل، بويسۇن، دېگەن مەنىدىكى ماقال.

☜ **ئالدىنقى ھارۋىنىڭ ئىزىدىن كېيىنكى ھارۋا ئىبرەت ئالىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ خاتالاشماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

☜ **ئالەمنى سۇ بېسىپ كەتسە، ئۆردەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن بىغەملىك ۋە بىپەرۋالىقنى

بىلدۈرىدۇ.

**ئالتە ئاي ئاتقان پاختا بىر چاپانغا يەتمەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، سەرپ قىلىنغان ئەجىرگە تۇشلۇق نە-تىجە - ئۈنۈم بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ قەدرىنى شۇ نەرسىنىڭ ئەھلى بولغۇچى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئالتۇن ئوتتا، ئادەم مېھنەتتە سىنىلىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئوت ئالتۇننىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلى-كىنى بىلىدىغان، مېھنەت بولسا ئادەمنى سىنايدىغان سىناق دېگەن مەندە قوللىنىلىدۇ.

**ئالغۇچە ئالمان، بەرگۈچە بەزگەك. ئالغۇچە بىسمىللا، بەرگۈچە ئەستەغپۇرۇللاھ. ئالغۇچە ياپىر، بەرگۈچە كاپىر قاتارلىق ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى مەنىداش ماقالىلەردىن ئىبارەت.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋدىن ئۆتنە ئالغان پۇل ياكى باشقا نەرسىنى قايتۇرۇشنى ئارقىغا تارتىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن قول-لىنىلىدۇ.

**ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋدىن قەرز ئېلىنغان پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.



**ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال.**

مەنىسى: بۇ، رەختنىڭ ياخشى - يامانلىقى ئۇنىڭ قىرغىقىدىن مەلۇم بولغىنىغا ئوخشاش، بىر قىزنىڭ قانداقلىقى ئانىغا باغلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن.**

مەنىسى: بۇ، تەلەيسىزلىك، ئىشى ئوڭغا تارتمىغانلىق، شورپېشانە قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**ئانىسىنىڭ سۈتى بۇرنىدىن بۇلاق بولماق.**

مەنىسى: بۇ، كۆپ جاپا - مۇشەققەت چەككەنلىكنى بولۇشچە ئەدىپىنى يېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاۋۋال تائام، كېيىن كالام.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىنى پەرق ئېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

**ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، كېيىنكىلەرنىڭ ئاۋۋالقىلاردىن يەنى شاگىرتلارنىڭ ئۇستازلاردىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلاردىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئاۋۋال ئويلا، كېيىن سۆزلە.**

مەنىسى: بۇ، كۆپرەك پىكىر قىلىش، مىڭە ئىشلىتىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئاۋايلىماي ئورۇۋىدىم، ئاغرىماي تۆلۈپ قالدى.

مەنىسى: بۇ ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىياتسىزلىق قىلغاندا، ئۇنىڭدىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئاياغ يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا.

مەنىسى: بۇ، ئويلىماي قالايمىقان سۆزلەۋەرگەندە يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى. ياۋاش، مۇلايىم بولغاندا ياخشى كۈن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس.

مەنىسى: بۇ، خوتۇن - قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە يەر.

مەنىسى: بۇ، ئاممىدىن - جامائەتچىلىكتىن ئايرىلغاندا چوڭ زەرەر تارتىدىغانلىقىنى، ھەمىشە ئامما بىلەن بىللە بولۇش زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ.

مەنىسى: بۇ، ۋەزىيەت دائىم بىر خىل تۇرۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، يامان ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەھۋالغا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئاينى ئېتەك بىلەن توسقىلى بولماس.

مەنىسى: بۇ، ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت، ئۇ قاچانلا بولمىسۇن ھەقىقەتلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى كۆرمەسلىك، ئۇنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

## ئە

**☜ ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا.**

مەنىسى: بۇ، يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتتىن ھازىرقى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئەخمەق دوستۇڭ بولغۇچە، ئەقىللىق دۈشمىنىڭ بولسۇن.**

مەنىسى: بۇ، دوستلۇق ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلۇپ داۋام قىلىدىغانلىقىنى، ھېسسىيات بىلەن بولغان ئىش ئۇزۇن داۋام قىلمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەخمەق بىلەن دوست بولماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئەدەپنى ئەدەپسىزدىن ئۆگەن.**

مەنىسى: بۇ، ئەدەپسىزلەرنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى سەلبىي دەرسلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق.**

مەنىسى: بۇ، ئەرزان نەرسىنىڭ پايدا ـ ئۇنۇمى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت.**

مەنىسى: بۇ، ئىنسان ئۆز ھاياتىدا بىر خىل ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرنىڭ غېمى ئەلدە.**

مەنىسى: بۇ ماقال، كىشىلەرنى ۋەتەنپەرۋەر بولۇشقا، ۋەتەن ئۈچۈن كۆيۈنۈشكە، ئۆزىنى ۋەتەن ئۈچۈن بېغىشلاشقا ئۈندەيدۇ.

**ئەرنىڭ ئۆزى ئەمەس، سۆزى.**

مەنىسى: بۇ، ۋەدىسىدە تۇرۇش لازىملىقىنى، سۆزگە ۋاپا قىلىش كېرەكلىكىنى، سۆزنى ئەمەلدە كۆرسىتىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن.**

مەنىسى: بۇ، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى رولىنىڭ زورلۇقىنى، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ھەر جەھەتتىن ياخشى ـ يامان بولۇشى ئاياللارغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، يامان تۇغقان تۆلكەندە ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ھەرقانچە يامان، ئەسكى بولسىمۇ، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى ئاياغ تارتار.**

مەنىسى: بۇ، ئويلانماي، ئەقىل ئىشلەتمەي قىلىنغان

ئىش هامان نەتىجىگە ئېرىشمەيلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.**

مەنىسى: بۇ، ئەقىل ياشقا باغلىق ئەمەسلىكىنى، ھەر باشتا ئەقىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي.**

مەنىسى: بۇ، ھەممە ۋاقىت ئامما بىلەن بىللە بولۇش لازىملىقىنى، ئاممىدىن ئايرىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلچىگە ئۆلۈم يوق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىش ئۈچۈن ۋاستە بولغۇچىدىن ئاغرىنىش يارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلگە باققان خار ئەمەس.**

مەنىسى: بۇ، ۋەتەن، خەلقنى سۆيۈش لازىملىقىنى، ھەر دائىم ئۆز بەختىنى ۋەتەن، خەلقتىن ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىل بولمىسا كۆز دېگەن تامنىڭ تۆشۈكى.**

مەنىسى: بۇ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئادەم ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، قىلىۋاتقان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشنى

قويۇپ قويۇپ، باشقا ئىش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئەلگە كىرگىن ئېلىڭچە، سۇغا كىرگىن بېلىڭچە.

مەنىسى: بۇ، ھەر يەرنىڭ شارائىتىغا، ۋەزىيەتكە ماسلىشىشنى لازىملىقىنى، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك.

مەنىسى: بۇ، ئاممىنىڭ شەخسلەرگە نىسبەتەن ھامان سەزگۈر، ھوشيار، زېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكۈرەر، يامغۇر بىلەن يەر كۆكۈرەر.

مەنىسى: بۇ، ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، ئەمگەك ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئەماننىڭ تىلىكى كۆز، گاچىنىڭ تىلىكى سۆز.

مەنىسى: بۇ، ھەر كىمنىڭ ئارزۇسى، تىلىكى، غېمىنىڭ پەرقلىنىدىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

☜ ئەل ئۈچۈن يەكسەك باپا، ئەل سېنى قىلماس خاپا.

مەنىسى: بۇ، ئەل بىلەن ئۆلۈم گويا تويغا ئوخشاش دېيىلگەندەك، ئەل ئۈچۈن، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئادەمنىڭ ئىناۋىتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئەل ئۈچۈن ئەر بول، بولمىسا يەر بول.

مەنىسى: بۇ، كوللېكتىپتىن، ئاممىدىن ئايرىلغان،

شەخسىيەتچىلىك قىلىپ ياشىغان ئىنساننىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئەلنىڭ كۆزى ئەلكەننىڭ كۆزى.**

مەنىسى: بۇ ماقال ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك دېگەن ماقال بىلەن مەنداش ماقال بولۇپ، مەنىسى ئەل سېنى ھامان نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

**☜ ئەلنىڭ ئەقلى شەكسىز، كۆپچى پەكسىز.**

مەنىسى: بۇ، شەخسكە نىسبەتەن كوللېكتىپنىڭ، ئاممىنىڭ پاراستى، كۈچى يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئەل مېھرىنى ئۈتۈنمە، ئوتىدا كۆي، ئۆكۈنمە.**

مەنىسى: بۇ، ئەلگە بولغان چىن ئەقىدە مېھرىدىن ۋاز كەچمە، ھامان ئۇنىڭ ئوتىدا كۆي، سۆيىدە ئاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تۆپتىن ئايرىلغان توشقان چۈماقنىڭ يوغىنىغا ئۇچرايتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز قوۋمىدىن، مىللىتى ۋە ئېلىدىن ئايرىلغانلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرمەيدىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان ماقال.

**☜ ئەلگە كەلگەن ياۋ، ئەركە كەلگەن ياۋ.**

مەنىسى: بۇ، ياۋ يەنى دۈشمەننىڭ ئەلنى بېسىشى ئەمەلىيەتتە ئەرنى، ئەركەكلىكنى، باتۇرلۇقنى بېسىشتىن، قول قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ، دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن، ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن.**

مەنىسى: بۇ، ئەلنىڭ، ئاممىنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلار-نىڭ ئەر ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلگە تاغ يۈرەك ئەر كېرەك، ئەرگە يەتمىش ئىككى ھۈنەر كېرەك.**

مەنىسى: بۇ ماقال، ئەردە يەقەت باتۇرلۇق بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ يەنە ھۈنەر ئۈستىسى بولۇشى كېرەك، بەلكى ئەر-گە يەتمىش ئىككى ھۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ دېگەن مەنىنى بىل-دۈرىدۇ.

**ئەلگە بەرسەڭ ئېشىڭنى، ئەل سىلايدۇ بېشىڭنى.**

مەنىسى: بۇ، قولدىن كەلسە، ئەلگە نەپ بېرىشنىڭ شاراپىتى، ئەھمىيىتى كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل بىر يەرياد چەكسە، سەن مىڭ يەرياد چەك.**

مەنىسى: بۇ، ئەل ـ خەلق بىلەن يىغا ۋە كۈلكىدە بىللە بولۇشنىڭ لازىملىقى، زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەل ئارىلىغان سىنچى، توقاي ئارىلىغان ئوۋچى.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆز ئۇدۇمى ۋە رولى بولىدىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**ئەگەر تۇرمىساڭ سۆزۈڭدە، ھۆرمەت بولماس ئۆزۈڭدە.**

مەنىسى: بۇ، گەپ ـ سۆزدە راستچىللىق ۋە سەممىمى-

يەتچىلىكنىڭ تولىمۇ لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەركىلىتىش ئاپەت، باشقۇرۇش مۇھەببەت.**

مەنىسى: بۇ، بالا تەربىيىسىگە قارىتىلغان ماقال بولۇپ، بالىلارنى دائىم ئەركىلىتىشنىڭ ئۇلارنى يولدىن چىقىرىدىغانلىقىنى، بالىلارنى تىزگىنلەشنىڭ، ئۇلارغا مۇۋاپىق قاتتىق قول بولۇشنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىل يوقتا ئىنساپ يوق.**

مەنىسى: بۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئەقىل لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىل ئۆگىنىشكە ئەقىل كېرەك.**

مەنىسى: بۇ، پاراسەت ۋە ئەقىل بولمىسا، ئىنسان ھېچ نېمىنى ئۆگىنەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەقىللىقنى ئىشىدىن بىل، بىلىملىكنى سۆزىدىن بىل.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىشنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدىن ئۇنىڭ ئەقلىنى، سۆزىنىڭ تېتىملىق ـ تېتىمسىز بولۇشىدىن ئۇنىڭ بىلىمىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

**ئەقىللىقنىڭ ئېپى بار، ئاڭلىغۇدەك كېپى بار.**

مەنىسى: بۇ، ئەقىللىقنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىشتا ياكى بىرەر سۆز قىلىشتا ئاۋۋال ئويلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئەقىللىق دېسە بولىدۇ، ئۆيىتمىسا بىلگەننى، سېخىي دېسە بولىدۇ، سورىمىسا بەرگەننى.**

**مەنىسى:** بۇ، باشقىلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى، ئىچكى دۇنياسىنى، نېمىگە موھتاجلىقىنى ئاۋۋال بىلىشنىڭ ئەھمىيەتى زورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئەقىل ئازمايدۇ، بىلىم توزىمايدۇ.**

**مەنىسى:** بۇ، ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك تەرىپىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئەقىلگە قول سۇنساڭ نىجات تاپىسەن، نەپسىگە قول سۇنساڭ ھالاكەت تاپىسەن.**

**مەنىسى:** بۇ، ئادەمنى ۋەيران قىلىدىغىنى ئۇنىڭ تويماس نەپسى، ئاچ كۆز نەپسى، شۇڭا ئۇنىڭغا چەك قويالىغان ئىنسانلا ئاندىن ھەقىقىي ئىنسان بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئەقلى غەلەت، قەلبى ھەسەت.**

**مەنىسى:** بۇ، ئەقلى توغرا بولمىغاننىڭ، قەلبىمۇ، روھىمۇ خۇنۇك، ھەسەتخور بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئەقلىڭ كور بولغۇچە كۆزۈڭ كور بولسۇن.**

**مەنىسى:** بۇ، ئادەم ئۈچۈن كۆز ناھايىتى مۇھىم بىر كۆرۈش ئەزاسى بولسىمۇ، ئەقىل ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كۆرۈش ئەزاسى، ناۋادا ئادەم ئەقىلدىن ئايرىلسا، كۆز بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە ھاجىتى دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەزمە ئويلانغۇچە تەۋەككۈلچى مەقسىتىگە يېتەر.**

مەنىسى: بۇ، بىرى، بىرەر ئىشتا پۇرسەتنى چىڭ تۇ-تۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىرى، بەزىدە ئادەم ئەز-مىلىك قىلماي، تەۋەككۈلچى بولسا، ئۇنىڭ ئىرىشمەكچى بول-غىنىمۇ ئۆزگىچە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەر ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ئېلى ئۈچۈن ئۆلەر.**

مەنىسى: بۇ، ئەر گەرچە بىر شەخس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاسىيىتى ۋە رولى ئەلنىڭ قوينىدا روياپقا چىقىدىغان-لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەرنىڭ قۇتى قورقماسلىقتا، سۇنىڭ قۇتى چوڭقۇرلۇقتا.**

مەنىسى: بۇ، ماقال، ئەر باتۇر بولمىسا، سۇ چوڭقۇر بولمىسا بەخت ئۇلاردىن قاچىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ ماقال خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن قالغان ماقال بولۇپ، ئۇ-نىڭدا ئەر ئۈچۈن باتۇرلۇقنىڭ بىردىنبىر بەخت ئېلىپ كېلى-دىغان نەرسە دەپ قارىغان، بۇ قاراش هازىرمۇ رېئال ئەهمىيەت-كە ئىگە...

## ب

☜ **بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەممال.**

مەنىسى: بۇ، بىر زىياننىڭ ئۈستىگە يەنە بىر زىياننىڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزى سادىر قىلغان كەمچىلىك ـ خاتالىقىنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتىش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەرگىز باشقا جەھەتتىن ئىزدەش توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بار ئوينىشىتار، يوق قاقشىتار.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ماددىي شارائىتقا باغلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بارىدا پولدۇرۇك ـ پولدۇرۇك، يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇك.**

مەنىسى: بۇ، بەدخەج، كېيىنلىكىنى ئويلىمايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **باش ياستۇققا يەتكەندە.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر كېسەلگە دۇچار بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ

يېتىپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە.**

**مەنىسى:** بۇ، ئۆي ئىچىدىكى يامان ئىشلارنىڭ سىرتقا ئاشكارا بولماستىن، سىر بولۇپ ساقلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **باشقىلارنىڭ ئاغزىدا قالماق.**

**مەنىسى:** بۇ، جامائەتچىلىك ئىچىدە تەرىپلىنىدىغان ياكى ئەيىبلىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **باقساڭ باغ بولىدۇ، باقمىسا داغ بولىدۇ.**

**مەنىسى:** بۇ، تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈ- كىنى، ئەكسىچە قول ئۇچىدا ئىشلەپ قويغاندا كىشىنى ھەس- رەتتە قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **بالا بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا.**

**مەنىسى:** بۇ، بالىلارنىڭ دۆت، لايغەزەل بولغىنىدىن شوخ بولغىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولىنى ساڭگىلى- تىپ كەلمەس.**

**مەنىسى:** بۇ، ئويلىمىغان يەردىن بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقىدىغانلىقنى ۋە بۇنداق كېلىشمەسلىكنى ئالدىن مۆل- چەرلىگىلى بولمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بالىنى ياشتىن ئۆگەت، خوتۇننى باشتىن ئۆگەت.**

مەنىسى: بۇ، بالىلار تەربىيىسىنى بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ تۇتۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس.**

مەنىسى: بۇ، تۆۋەندىكىلەر ئۆز دەرد - ئەھۋالىنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلغاندىلا ئاندىن مەسىلىلەر ھەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس، ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس.**

مەنىسى: بۇ، ئۆيگە كەلگەن بىرەر مېھماننى قارشى ئېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتمىغۇچىلارغا قارىتا قوللىنىلىدۇ.

☜ **بەزىدە خۇدا بىلەن رەسۇل، بەزىدە دۇتار بىلەن تۇسسۇل.**

مەنىسى: بۇ، ئىشلەش بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **بەزىدە مېھمان كېلىدۇ قويۇپ قويغان تۆپكىدەك، بەزىدە مېھمان كېلىدۇ يۈگۈرۈپ كۆتىگە تەپكۈدەك.**

مەنىسى: بۇ، تۇيۇقسىز كەلگەن مېھمان ئۆي ئىگىسىنى خىجالەتتە قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بەش قول بىردەك ئەمەس.**

مەنىسى: بۇ، بارماقلارنىڭ بىرى ئۇزۇن، بىرى قىسقا، بىر توم، بىرى ئىنچىكە بولغىنىغا ئوخشاش ئادەملەرمۇ خاراكتېر - مىجەز، ئىقتىدار ۋە باشقا جەھەتلەردە بىر - بىرىگە

ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **بەش قولنى ئېغىزغا بىرلا تىقماق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى بىر ـ بىرلەن قىلماستىن، بىراقلا قولدىن چىقىرىشنى ئويلايدىغان ئالدىراڭغۇ ئادەملەر ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس، چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن.**

مەنىسى: بۇ، ئاياللار ئىچىدىن ئەرلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان نى ـ نى ئاياللارنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **بولىدىغان ئاشلىق كۆكىدىن مەلۇم بولىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىر بالىنىڭ چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىدىغانلىقى كىچىكىدىنلا مەلۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **بولسا بولار، بولمىسا ئىز يولى (بولار).**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشقا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيە تۇتقانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم، خورجۇن ـ قاپىسىنى تولدۇرالمىدىم.**

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇش يولىنى بىلمىگەن، تۇرمۇشتا ئىلگىرى كەلمىگەن ئادەملەرنى قانچە يۆلىگەن بىلەن بەربىر ئوخشاش، دېگەن مەنىدە.

☞ **بۇ دۆلەت سەندە تۇرماس، بۇ مەينەت مەندە تۇرماس.**

مەنىسى: بۇ، بىر جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ بىر ھالاۋىتى بو-

لىدىغانلىقىنى، يەنى جاپالىق كۈنلەر داۋاملىشىۋەرمەي ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بۇغداينىڭ باھانىسىدا قارمۇق سۇ ئىچىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئادەمنىڭ باھانىسىدا ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ بەھرىمەن بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر مەسىلە ياكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، كۆڭۈلگە تەسەللى بولغۇدەك سۆزۈڭ بولسا قىل، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ **بۇ قۇلاقتىن كىرىپ، ئۇ قۇلاقتىن چىقىپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، گەپ ـ سۆزگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە ئورتاقلىشىدىغان، ئۆزى باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان ئادەملەرنى سۈرەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **بۆرىنىڭ يېمىسىمۇ، ئاغزى قان.**

مەنىسى: بۇ، بىر يامان ئاتىلىپ قالغان ئادەمگە دائىم «يامان» دېگەن كۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بۆكى چۈشسە خۇدانىڭ زېمىنىغا چۈشىدىغان.**

مەنىسى: بۇ، قول ئىلكىدە ھېچ نەرسىسى يوق ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **بۆكنى ئېلىپ كەل دېسە، بېشنى ئېلىپ كەلمەك.**

مەنىسى: بۇ ئىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **بۆلۈنگەننى بۆرە يەر، ئايرىلغاننى قار باسار.**

مەنىسى: بۇ ماقالنى مۇنداق بىر كۇپلېت ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلىمۇ بولىدۇ:

☜ **ئىناقلىق قوغلاشقان قۇپىدۇ گۈلشەن،**
**ئىناقلىق دۈشمىنى دەسسەر تىكەننى.**
**بىرلەمەيدۇ ھېچكىم ھەرگىز رەددىيە،**
**بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ دېگەنگە (ت. ئېلىيوف).**
**بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماق.**

مەنىسى: بۇ، ھەر ئىشنى ۋاقتىدا ئىشلەپ تۈگىتىش كېرەكلىكىنى، ئەگەر تۈگەتمىگەندە ئىشلار يىغىلىپ قېلىپ، ئاخىر زور بىر يۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بۈگۈن ماڭا، ئەتە ساڭا.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا كەلگەن پالاكەت ۋە كېلىشمەسلىك ئۈچۈن كۈلمەسلىك كېرەكلىكىنى، بۇنداق پالاكەت - كېلىشمەسلىك ھەركىمگە كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.





☜ بېرىپ يامان بولغۇچە بەرمەي يامان بولغان ياخشى.

مەنىسى: بۇ، بەزىلەرگە ئۆتنە ئالغان نەرسە ياكى پۇلنى قايتۇرۇش خۇشياقمايدۇ. سەن ئۇ نەرسىنى سورىساڭ خاپا بولىدۇ. شۇڭا ئۇچۇن ھەر قېتىم سوراپ ئالالماي خاپا قىلغاندىن كۆرە، سورىغان نەرسىنى بەرمەي قويۇپ بىر قېتىملا خاپا قىلغان ياخشى، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ بېشى باش ئايىغى تاش بولسۇن.

مەنىسى: بۇ، ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۆمۈرلۈك بولسۇن، دېگەن مەنىدە، نەرسىگە نىسبەتەن قۇتاتسۇن، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەردە يۈرمەك.

مەنىسى: بۇ، مۇقىم ئىشى يوق، ئەمگەك قىلىشنى ياقتۇرماي لاغايلاپ يۈرگۈچى ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ بېشى كىرسە، ئايىغى چىقماق.
بۇ ئۆيدە ئولتۇرالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.
بېشىڭ نەدىن كىرەر، تىلىڭدىن.

مەنىسى: بۇ، ئېغىز خاتالىقى كىشىنى - نى يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېتتىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بېشى نەدە ئاقارغان بولغىيدى.

مەنىسى: بۇ، بەزىبىر ئەقىلسىز چوڭلارنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.



☜ **بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەك.**

**مەنىسى:** بۇ، ئۆز ئۆي، يۇرتىنى تاشلاپ، باشقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بېلى ئاغرىمىغاننىڭ نان يېيىشىگە باق.**

**مەنىسى:** بۇ، ئەجىر قىلماي، تەر تۆكمەي ھالاۋەت كۆرۈشنى، باشقىلاردىن ئارتۇق بەھرىمەن بولۇشنى خالىغۇچىلارنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **بېلى بوشنىڭ كېپى بوش.**

**مەنىسى:** بۇ، بوشاڭ، ئىرادىسىز ئادەملەرنىڭ قەتئىي ئىشەنچ ـ ئىرادىگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بېلىق تورغا چۈشكەندىن كېيىنلا بېشىغا ئەقىل كېلىدۇ.**

**مەنىسى:** بۇ، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، ئىشتىن بۇرۇن ئويدان پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىتمەي تالقان يېيسە، قارنىدىن بوران چىقار (بىتمەي قىز تېزەك تەركىلى چىقسا، موزايلار سۇغا تېزەكلەر).**

**مەنىسى:** بۇ، تەلەيسىزلىكنى كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە تەلەيسىزلەرنىڭ ئىشى ئىلگىرى باسمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر ئاتا ئون بالىنى باقار، ئون بالا بىر ئاتىنى باقالماس.**

**مەنىسى:** بۇ، پەرزەنتلەر كۆپ بولسىمۇ ئۇلار بىر ـ بىر-

رىگە سىلىق سىلىشىپ ئاتا ـ ئانىغا ئوبدان قارىماي، ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر ـ بىرىنى يەپ كەتكۈدەك بولماق.**
**مەنىسى:** بۇ، ① بىر ـ بىرىگە بولغان ئامراقلىقىنى ② بىر ـ بىرىگە ئۆچلۈكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر بۇرۇندىن نەپەس ئالماق.**
**مەنىسى:** بۇ، (يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ) پىكىر ۋە تەشەببۇسىنىڭ بىردەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر پىلەكتە ھەر خىل تەمەك.**
**مەنىسى:** بۇ، بىر ئائىلىدىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ئەۋلادلارنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق.**
**مەنىسى:** بۇ، قېرىپ ئۆمرى ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر تال ئۈزۈم قىرىق كىشىگە يېتەر.**
**مەنىسى:** بۇ، كۆڭۈلنى كەڭ تۇتۇپ، ئىچى تارلىق قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر تاياقتا ھەيدىمەك.**
**مەنىسى:** بۇ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلماي، قارا ـ قويۇق مۇئامىلە قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر تېرە، بىر ئۈستىخان بولۇپ قالماق.**

مەنىسى: بۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى تولىمۇ جۇدەپ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر چالمىدا ئىككى پاختەك يىقىتماق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ھەرىكەت بىلەن ئىككى خىل نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر پارچە شېئىردا مۇنداق كەلگەن:**

م: كىمكى ئەپلەپ ئاتسا، پىنھان ـ دالدىدا،
ئىككى پاختەكنى سوقار بىر چالمىدا.
مەن خېرىدار ياكى باجگىر ئالدىدا،
قىلچە شەك تۇغدۇرمىغان بايۋەچچىمەن.

☜ **بىر چوڭنىڭ كېپىنى ئاڭلا، بىر كىچىكنىڭ كېپىنى ئاڭلا.**

مەنىسى: بۇ، ياشلارنىڭمۇ پىكرىگە قۇلاق سېلىش لازىملىقىنى، ھەر باشتا بىر ئەقىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر شاتىراق موزاي پادىنى بۇلغار (بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا).**

مەنىسى: بۇ، بىرەر يامان ئادەمنىڭ پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ نامىنى بۇلغايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر قازاندا قاينىيالماسلىق.**

مەنىسى: بۇ، ئىككى شەخسنىڭ ئۆز ئارا چىقىشالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىر قارلىغاچ كەلمەك بىلەن بولماس باھار (بىر گۈل ئې-
چىلماق بىلەن بولماس باھار).

مەنىسى: بۇ، بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن يالغۇز قىسمەنلىكنىڭ ياخشى بولۇشى كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىر قولنى ئون قىلالماسلىق.

مەنىسى: بۇ، ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىر كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويماق.

مەنىسى: بۇ، بىردىنلا نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنى ياكى باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىر ئىشتاننى ئارتۇق يىرتماق.

مەنىسى: بۇ، ياشتا چوڭلۇقنى، كۆپنى كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماق.

مەنىسى: بۇ، بىكار تەلەپ، ئىش خۇشياقماس، لاغايلاپ يۈرگۈچى ئادەملەرنىڭ مۇقىم بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشى توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ.

☜ بىر ياستۇققا باش قويماق.

مەنىسى: بۇ، ئائىلىۋى ھايات كەچۈرمەكلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىر ياقىدىن باش چىقارماق، بىر يەڭدىن قول چىقارماق (بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارماق).

مەنىسى: بۇ، ئۆملۈك بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىر ياغاچتا كۆلمۈ بولىدۇ، تىكەنمۇ بولىدۇ.

مەنىسى: بۇ، بىر ئائىلىدىن ياخشى ئەۋلادمۇ، يامان ئەۋلادمۇ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىكار تۇرغۇچە، بىكار ئىشلە.

مەنىسى: بۇ، قانداقلا بىر ئىش بولمىسۇن ئۇ جەمئىيەتكە، ئاممىغا پايدىلىق ئىكەن، ئۇنى ئىشلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىلمەسلىك ئەيىپ ئەمەس، سورىماسلىق ئەيىب.

مەنىسى: بۇ، سوراپ بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىلىملىك ھاۋادا ئۇچار، بىلىمسىز تەمەدە تۇرار.

مەنىسى: بۇ، تەمەخورلۇقنىڭ تېگى ـ تەكتى بىلىمسىزلىك ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىلىملىكنىڭ چارىسى كۆپ، بىلىمسىزنىڭ باھانىسى كۆپ.

مەنىسى: بۇ ماقالدا، چارە دېگەن سۆز تەدبىر مەنىسىدە

كەلگەن، باھانە دېگەن سۆز سەۋەب مەنىسىدە كەلگەن، دېمەك، بىلىمسىزلىك ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى يېپىش ئۈچۈن سەۋەب ئىزدەيدۇ، بىلىملىك بولسا، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرىنى قىلىدۇ.

☜ بىلىملىك باتۇر، بىلىمسىز تارتىنچاق.

مەنىسى: بۇ ماقالدا بىرەر ئىشنى قىلىشتا، باتۇرلۇق قىلىشنىڭ ئۆزى بىلگەنلىكتىن بولىدۇ، بىلمىگەن ئادەم ھاڭ-ۋېقىپ تۇرۇپ قالىدۇ، دېمەك، بىلىمسىزلىكتىن تارتىنچاقلىق ھاسىل بولىدۇ، چۈنكى بىلىمسىزلەر ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ.

☜ بىلىم بىلگەننىڭ، ئەقىل سەزگەننىڭ.

مەنىسى: بۇ ماقالدىن، بىلىش بىلەن سېزىشنىڭ بىلىم بىلەن ئەقىلدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

☜ بىلىم بىلەن ھېكمەت ئالتۇندىن قىممەت.

مەنىسى: بۇ ماقالدىن، بىلىم ئىشلەتكەن ئادەم ئۈچۈن ھېكمەتلىك ئىش، بۇنداق ئىشنىڭ قىممىتى زور، خاسىيىتى كۆپ بولىدۇ، دېگەن مەنىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

☜ بىلىم بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر.

مەنىسى: خۇددى قاقاس يەرگە يامغۇر زۆرۈر بولغاندەك، ئەر ئۈچۈن ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشكە ئۈچۈن بىلىم تېرىشمۇ زۆرۈر دېگەنلىكتۇر.





☜ **بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يېڭەر.**

مەنىسى: بۇ يەردە بىلىمنىڭ تەڭداشسىز كۈچى تىلغا ئېلىنغان.

☜ **بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب.**

مەنىسى: بۇ، ئۆگەنمەسلىكنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىق يەنى ئەيىب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىلەرمەنگە يولۇقما، گەر يولۇقساڭ ھولۇقما.**

مەنىسى: بۇ، بىلەرمەندىن قاچ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغۇدەك بولساڭ، ئۇنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە دادىل تاقابىل تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىكار يۈرمەڭ لاغايلاپ، پۇلنى خەجلەڭ ئاۋايلاپ.**

مەنىسى: بۇ ماقال، ئىشچان ۋە تېجەشلىك بولۇشنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىكارچىدىن بىزىپ قاچ، چېقىمچىدىن كۆچۈپ قاچ.**

مەنىسى: بۇ ماقال، بىكارچىغا قارىغاندا چېقىمچى بەكمۇ خەتەرلىك، بىكارچى بولما، ئەمما چېقىمچى تېخىمۇ دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر ياخشىلىق، بىر يامانلىق ئۇنتۇلماس.**

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇشتا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئادەمنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى سىنايدىغان تارازا تېشىدۇر، شۇڭا

باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇماسلىق، يامانلىقىنىمۇ تۈگەتمەي تۇرۇپ ئۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر ئۆمۈر قاغا بولغاندىن بىر قېتىم بۈركۈت بولغان ئەلا.**

مەنىسى: بۇ تەمسىل توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا، دېگەن تەمسىل بىلەن ئاساسەن مەنىداش تەمسىل بولۇپ، ئۇنىڭدا بۈركۈتتەك باتۇر ۋە چەبدەس ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى تىلغا ئېلىنغان (بۇ تەمسىللەردىكى قۇش ياكى هايۋانلار ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ).

☜ **بىر ئۆي سېلىش ئۈچۈن مىڭ ئۆي كۆر.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى قىلىشتا پۇختا تەييارلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.**

مەنىسى: بۇ ماقال كىشىلەرنى كىچىككىنە مال - دۇنيا ياكى ئارتۇقچىلىق بولسا، ماختىنىدىغان، باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىدىغان يامان ئادەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، سالاپەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

☜ **بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن مىڭ كۈن ئۆگەن.**

مەنىسى: بۇ، ئۆگىنىشنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەھمىيىتىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، سورىماسلىق ئەيىب.**

مەنىسى: بۇنىڭدا، كىمدە بىلىم بولسا، مەيلى ئۇ سەندىن كىچىك بولسىمۇ، تارتىنماي سورىغىن، شۇنداق قىلغان چېغىڭدىلا، بىلىم ئىگىلەيسەن، سورىماسلىقنىڭ ئۆزى ئەيىب ئىش دېگەن مەزمۇن بار.

**بىلگەندىن ئۆگەن، بىلمىگەنگە ئۆگەت.**

مەنىسى: بۇ ماقالدا، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش ــ ئۆگىنىش، ئەڭ ئېسىل پەزىلەتمۇ ئۆگىنىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر كۆن يولداش بولغانغا مىڭ كۈن سالام ئەت.**

بۇ، ئادەملەر ئارا سەپەرداشلىقنىڭ، قەلبداشلىقنىڭ ئادەمنىڭ قەلبىدە تولىمۇ يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر كىتاب مىڭ كىشىگە ئۇستاز.**

مەنىسى: بۇ ماقال كىتابنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئورنىنىڭ بەكمۇ يۇكسەك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىر كىشىنىڭ مېھنىتىدىن مىڭ كىشى راھەت كۆرەر.**

مەنىسى: بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان بىر كىشى بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم ياكى ئۆز ئەمگىكى بىلەن باغ بىنا قىلغان باغۋەن بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، ئۆزىنىڭ ھالال مېھنىتىدىن كىشىلەرنى راھەتلەندۈرۈش ئادەم ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈنگۈدەك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

☜ بىر كۆكۈل ئاغرىقى مىڭ كالتەكتىن يامان.

مەنىسى: بۇ ماقالدا، جىسمانىي ئاغرىق پات ساقىيىدۇ ھەم ئۇنتۇلىدۇ، لېكىن كۆكۈل ئاغرىقى يەنى دىل ئاغرىقى ئاسانلىقچە ساقايمايدۇ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىش بەكمۇ يامان ئىش ھېسابلىنىدۇ، دېگەن مەنا چاقناپ تۇرىدۇ.

☜ بىر كۈن ئالدىرىغاندىن قىرىق كۈن ئەقىل سورىما.

مەنىسى: بۇ ماقال، ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ كىشىلەرگە ھېچقانداق پايدا - نەپ ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىر كۈن تۈز يېگەن جايغا مىڭ كۈن تازىم.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ سەن ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالغۇچى بولماي، ئۇنداق ياخشىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرغىن، دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلەپ كەلگەن.

☜ بىر سىرلىق بول، سەككىز قىرلىق بول.

مەنىسى: بۇ ماقال، ئادەمنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بەكمۇ ساددا بولۇپ كەتمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى، ھۆرمىتىنى ساقلاش غېمىمۇ بولۇش كېرەكلىكىنى جېكىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ بىر دەرەختىن ياسىلار مىڭ سەرەڭگە، مىڭ دەرەختىنى كۆيدۈرەر بىر سەرەڭگە.

مەنىسى: بۇ بىر تەمسىل بولۇپ، بۇ، ئۆز قەۋمىگە ۋاپا قىلمىغان كىشىلەرنى تەنقىدلەش ۋە تەنە - كىنايە قىلىش ئۈ-



چۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **بىر رەھمەت مىڭ بالادىن قۇتقۇزار.**

**مەنىسى:** بۇ ماقال، شېرىن سۆزلۈك بولۇشنىڭ خاسىيىتى زور ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **بىر تاردا راۋاب چالساڭ سادا چىقماس.**

**مەنىسى:** بۇ بىر تەمسىل بولۇپ، بۇ، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنىڭ مۆجىزە يارىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **بىرلىكى بار ئەلدىن قورق.**

**مەنىسى:** بۇ، ئۆم ـ ئىناق ئۆتۈشنى بىلىدىغان خەلقنى ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **بىر ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر تاغار تۇزنى بىللە يە.**

**مەنىسى:** بۇنىڭدا، بىرى، ئادەمنى ھەقىقىي چۈشىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇشەققەت ئىش ئىكەنلىكى، يەنە بىرى، ئادەمگە ئالدىراپ باھا بېرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى قەيت قىلىنغان.

☞ **بېدە تاپساڭ ئاتقا بەر، سامان يېسۇن كالىلار. گۆشنى تاپساڭ ئۆزۈڭ يە، تېپىپ يېسۇن بالىلار.**

**مەنىسى:** بۇنىڭدا، ئىشلىگەن چىشلەيدۇ دېگەن مەنا بار. ھەم بالىلارنى كىچىكىدىن ئىشچان قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**بالاغا كۆڭلۈڭنى بەر، چىرايىڭنى بەرمە.**

مەنىسى: بۇ ماقال، بالا تەربىيىلەشتىكى بىر تەجرىبە ـ ساۋاق بولۇپ، بالىلارنىڭ تومۇرچى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا ھە دېگەندە يول قويۇلسا، شىللىغا مىنىۋالىدىغانلىقى، شۇڭا كۆڭۈلدە ئۇلارنى سۆيۈش، لېكىن قاتتىق تەلەپچان بولۇش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتكەن.

**بامدات تۈتەر ھەركىشى، خۇپتەن تۈتەر ئەر كىشى.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى تولۇق قىلىشنىڭ خاسىيىتى زور ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**باي يۇرتنىڭ تۇزۇقى، باتۇر يۇرتنىڭ قورۇقى.**

مەنىسى: بۇنىڭدا، يۇرت ئۈچۈن بايلىق بىلەن باتۇرلۇقنىڭ ئوخشاشلا قىممەتلىك بولىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

**بىلىم ـــ ئەقىلنىڭ چىرىغى.**

مەنىسى: بۇ، ئەقىلنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدىغان ھەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدىغان مەنبە بىلىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلىمسىزلىك نامراتلىقتىن يامان.**

مەنىسى: بۇنىڭدا، گەرچە نامراتلىق ئىنسانلار ئۈچۈن بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولسىمۇ، ئەمما بىلىمسىزلىك ئاشۇ قورقۇنچلۇق نامراتلىقتىنمۇ قورقۇنچلۇق دېگەن مەزمۇن ئىپادە قىلىنغان.

## پ

☜ **پاختەكتە بار كۆڭۈل، تۇرۇلغۇدا يوقمۇ.**

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈلنىڭ ناھايىتى نازۇك، ئىنچىكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق.**

مەنىسى: بۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىرگە بولۇپ، راھەر كۆرىدىغان چاغدا تەرەپلەرنىڭ بىرسى ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۆز قەدىناسىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **پادىدىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر.**

مەنىسى: بۇ، ئاممىدىن ئايرىلماسلىقنى، ئاممىدىن ئايرىلغاندا قاتتىق زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **پوققا چالما ئاتسا يۈزگە چاچرار.**

مەنىسى: بۇ، ئەدەپسىز ئادەملەرگە تېگىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەسكى سۆز ـ ھەرىكىتى ئۇچۇن يول ئېچىپ بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **پۇتقا پۇت، قولغا قول بولماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ناھايىتى ياخشى ياردەمچىلىك

رول ئوينىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ پۇت ـ قولنى يۆشەپ قويماق.
مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىشتا چەكلىمىگە ئۇچراپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا.
مەنىسى: بۇ، پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قارىغۇچىلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ بۇ جاھاندا ئەڭ ئۇلۇغ ئىش نەپ ئىكەن،
بولسا پۇل جاڭگالدا شورپا دەپتىكەن.
پۇل كۆپەيتەي مەنمۇ، ئامەت كەپتىكەن،
پۇل بىلەن يولى راۋان بايۋەچچىمەن.
پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ.
مەنىسى: بۇ، كەمبەغەللەرنىڭ توغرا بولسىمۇ، گېپى ئاقمايدىغانلىقىنى، بايلارنىڭ خاتا بولسىمۇ، گېپى ئاقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالماق.
مەنىسى: بۇ، ئەرزىمىگەن بىر ئىش ئۈچۈن چوڭ بىر زەرەرگە يولۇققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ پىتنىڭ ئۆپىكىگە ھېسسىپ قويۇپ يەيدىغان.
مەنىسى: بۇ، تازا ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق ئادەملەرنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە سال.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا راۋا كۆرمە، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**پىچاق يارىسى ئۇنتۇلار، تىل يارىسى ئۇنتۇلماس.**

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈل ئاغرىتىدىغان مۇئامىلىلەرنىڭ ھېچ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پىرىڭ بولغان ئېرىڭ بولار.**

مەنىسى: بۇ، بۇرۇن ئۆزى يامان كۆرىدىغان، چىقىشالمايدىغان ئادەم بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە بىرگە بولۇپ قالغانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**پىلانسىز ئىش قىلىپسىز ئىش.**

مەنىسى: بۇ، پىلانسىز قىلىنغان ئىشنىڭ ئۈنۈملۈك ھەم كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پۇل تاپقۇچە ئەقىل تاپ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئەقىلنىڭ پۇلدىنمۇ بەك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ، چۈنكى ئەقىل كۆپ بولسا، نۇرغۇن ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ ھەتتا پۇلنىمۇ كۆپ تاپقىلى بولىدۇ.

**پەس يەردە ياتما سىلگە كېتەرسەن، دۆڭ يەردە ياتما يەلگە كېتەرسەن.**

مەنىسى: بۇ بىر ھېكمەتلىك زور تۇرمۇش تەجرىبىسىگە

باي ماقال بولۇپ، پەس يەردە كەلكۈندىن، ئېگىز يەردە شامال تېگىشتىن، شامال دارىپ قېلىشتىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتكەن.

☜ **يۇرت يۈكۈرۈكى ئاشقا، تىل يۈكۈرۈكى باشقا.**

**مەنىسى:** بۇ، ماقالدا ئەمگەكنىڭ ئەھمىيىتىنى، گېپىم بار دەپ گەپ قىلىۋېرىشنىڭ بولۇپمۇ ئورۇنسىز سۆزلەشنىڭ زىيىنىنىڭ كۆپلۈكىنى تىلغا ئالغان.

☜ **پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە.**

**مەنىسى:** بۇ ماقال، پۇلنىڭ قىممىتى ۋە رولىنىڭ ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **پۇلى بارنىڭ كېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ كېپى توڭ.**

**مەنىسى:** بۇ ماقال، پۇلنى ھەممىگە قادىر دەپ قارىغۇچىلارنىڭ پۇلنى سۈپەتلىشى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **پۇتكەن ئىشقا ئىگە تولا، ئۇرۇشتىن كېيىن باتۇر تولا.**

**مەنىسى:** بۇ ماقال، بەزى كىشىلەرنىڭ جەبىر ـ جاپاغا قارىغاندا راھەتكە، نام ـ شۆھرەتكە بەكرەك ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **پېشكەللىك سۆزلەپ كەلمەس، كۆزلەپ كېلەر.**

**مەنىسى:** بۇ ماقال، ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقنىڭ، كېلىشمەسلىكنىڭ شەپىسىز ۋە تاسادىپىي يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **پىيادە يۈرمەن دېگىنىڭ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمەن دېگىنىڭ.**

مەنىسى: بۇ ماقال كىشىلەرگە دائىم پىيادە مېڭىشنىڭ ساغلاملىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **پىيالىگە ئېگىلمەيدىغان چەينەك يوق.**

مەنىسى: بۇ تەمسىل، ئادەملەرنى تەكەببۇر ۋە ھاكاۋۇر بولماسلىققا ئۈندەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **پىياز پوستى بىلەن، ئادەم دوستى بىلەن.**

مەنىسى: بۇ ماقال، ئادەم ئۈچۈن دوستلۇقنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **پىشقان مېۋە شېخىدا تۇرماس.**

مەنىسى: بۇ تەمسىل، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتى - پەيتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **پىچىقىڭ ئۆتكۈر بولسا، ياغاچنىڭ قاتتىقى يوق.**

مەنىسى: بۇ تەمسىل ھەرقانداق ئىشتا ئىشەنچ، پەم - پاراسەتنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **پىخسىق دۇنياغا تويماپتۇ، ئۇششۇق دەۋاغا تويماپتۇ.**

مەنىسى: بۇ ماقال، ئادەم ئۆز نەپسىنى كونترول قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

## ت

☜ تاپقىنى كۆل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز. تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپمىغىنى چۈجە ـ خوراز.

مەنىسى: بۇ، ئۆز ئىقتىسادىي ھالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ تاتلىق تىل يىلاننى ئىندىن چىقىرىدۇ.

مەنىسى: بۇ پاساھەتلىك تىل ھەرقانداق ئەسكى، جاھىل ئادەملەرنى تەسىرلاندۇرۇپ قايىل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ تادان تۈلكە تومشۇقىدىن ئىلىنار.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ھەرقانچە قۇۋ، ھىيلىگەر بولمىسۇن، بەرىبىر قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ئەپچىلەم ئاغلاپ بۇنى بولدى بىئەپ،
ئۆمرىگە يەتكۈدەكلا ئالدى ئەدەپ.
ئىلىنار تومشۇقىدىن تادان تۈلكە،
دېگەن شۇ ـ دەپ دۇكانغا بولدى كۈلكە.
تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر، تاز ئەمەسنى تاز دېسە كۈلگۈسى كېلەر.



مەنىسى: بۇ ئەگەر سەندە مەسىلە يوقكەن، باشقا بىرى ساڭا مۇتتەھەملىك بىلەن بەدنام چاپلىسا ئېرەن قىلما، دېگەن مەندە قوللىنىلىدۇ.

☜ تاش چۈشكەن يېرىدە ئېزىز.

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈل مايىللىقى، ئىختىيارلىقى بولمىغان نەرسىنى باشقىلارغا زورلاپ تاڭغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ تاش يەپ قوم چىچىدىغان.

مەنىسى: بۇ، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ.

مەنىسى: بۇ، ئۆزىگە ھېچنېمە يارىمايدىغان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا چوڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.

مەنىسى: بۇ، بىر شەخس ياكى ئامما ئۆز ۋەتىنىنى قوغ-دىمىسا باشقىلار ئۇنىڭغا ئىگە بولۇۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ تاما - تاما كۆل بولار.

مەنىسى: بۇ، چوڭ ۋە كۆپ نەرسىنىڭ كىچىك ۋە ئاز نەرسىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا كىچىك ۋە ئاز دەپ كۆزگە ئىلماسلىق توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، ھارام نىيەتنىڭ بوشقا كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تاياق گۆشتىن ئۆتەر، تىل سۆڭەكتىن ئۆتەر.**

مەنىسى: بۇ، پىچاق يارىسى ئۇنتۇلار، تىل يارىسى ئۇنتۇلماس، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تەكىسسەڭ تېرىق بولار، تەكىمىسسەڭ ئېرىق بولار.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر مەسىلىگە نىسبەتەن سوغۇق قان بولۇش لازىملىقىنى، شۇندىلا مەسىلە ئۇلغىيىپ كەتمەي ئاسان ھەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تەڭ تېقى بىلەن، تېزەك قىپى بىلەن.**

مەنىسى: بۇ، ماسلىشىش، ئۇيغۇنلىشىش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ **تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە سىڭەر.**

مەنىسى: بۇ، ئورتاقلىشىش كېرەكلىكىنى، ھەرگىز ئۆزۈمچىلىك قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلىماق.**

مەنىسى: بۇ، مەلۇم بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياكى پۇرسەتنى سۈيئىستېمال قىلىپ، بىرەر نەرسىگە ئىگە بولۇۋالماقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆپكە باڭگال چۈشەر.**

مەنىسى: بۇ، ھەركىم ئۆز ئۆيىنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **توخۇ سۈتىدىن باشقىسى بار.**

مەنىسى: بۇ، بازارلارنىڭ ئاۋاتلىقىنى، مال مەنبەسىنىڭ مول، مال تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى قورقماس، پىداكار بولۇشقا ئۈندەيدۇ، بۇ خۇشامەتچىلىك بىلەن ياشىغاندىن مەردانە ئۆلگەن ياخشى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىر مۇنچە ئىشلار كەپلىشىپ قېلىپ ئالدىراش بىر ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **توڭگۇزنىڭ تۈكىنى يۇلماق.**

مەنىسى: بۇ، خۇشىغا كەلمىگەن ياكى پىخسىق - پىششىق ئادەمدىن بىر نەرسە ئۈندۈرىۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **تولا يىگەن بۆرىنىڭ كۆتى كاۋاك.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانچە يېسىمۇ چىرايىغا چىقمايدىغان، ھەرقانچە توپلىسىمۇ ئىلگىرى كەلمەيدىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ تويدىن بۇرۇن ناغرا چالماق.**

مەنىسى: بۇ، ئىشقا ئېنىشى ئېنىق بولمىغان ئىش ئۈـ چۈن ئالدىن داۋراڭ سالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تويدىن كېيىن ناغرا چالماق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ داغدۇغىسىنى قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تويدىن يامانلىساڭ توي قىلىپ باق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى قىلىشنىڭ قىيىنلىقىنى، ھەممە ئادەمنى رازى قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ھەر ئادەم ئۆز بېشىغا كەلگەندىلا بۇ قىيىنلىقنى ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋدىن قەستەن قۇسۇر، كەمچىلىك ئىز - دىگەنلىكنى، چاتاق تاپقانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىغا چىچماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇ - نىڭغا يامانلىق قىلغانلىقنى، ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تۇغۇلۇپ ئەيىبناق بولماس، تۇرۇپ ئەيىبناق بولار.**

مەنىسى: بۇ، بالىلارنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن ساغلام، جىسمانىي جەھەتتىن تەندۇرۇس ئۆسۈپ يېتىلىشىدە بىر ئائىـ

لىنىڭ ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆمشۇقىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ياۋاش قىلىپ قويغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆت پۇتى تۆرە قالماق.**

مەنىسى: بۇ، ھەددى ـ ھېسابسىز ئاچچىقىنىڭ، غەزەپىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگە قانچە بولسا، يېغىرى شۇنچە.**

مەنىسى: بۇ، كىرىم قانچە بولسا، شۇنىڭغا قاراپ چىق- قىممۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**تۆگە ئۇسسۇلغا چۈشسە يەتتە تاغنى زەدەكنى بۇزار.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىكى قوپاللىقنى، ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي بۇزۇپ قويىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگىنى چۆپچەكتە سوغۇرغاندەك.**

مەنىسى: بۇ، ئېھتىياجغا، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ ھەل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس- لىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**تۆشۈك مۇنچاق يەردە قالماس، يەردە قالسىمۇ تۇپا قونماس.**

مەنىسى: بۇ، ئەزىز، قىممەتلىك نەرسىنىڭ هامان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگىمەنىڭ نورىدىن (كويلىسىدىن) پۈتۈن چىقىدىغان.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بالا ـ قازا، خەتەردىن ساق قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگىدەك ئىشنى تۆكىدەك قىلىۋەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى مۇبالىغە قىلىپ كۆپتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالماق.**

مەنىسى: بۇ، ئازنى دەپ كۆپتىن، ۋاقىتلىق پايدىنى دەپ كېلەچەكتىكى زور پايدىدىن قۇرۇق قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تۆگىنىڭگە سۇ قۇيۇپ بەرمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ يامان غەرەزلىك ئىشىغا ياردەم قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈگۈلۈكتىنمۇ، ئىشىكتىنمۇ كىرمەك.**

مەنىسى: بۇ، ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ كېلەر مەنبەسىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**تۈگۈلۈكىدىن شامال، ئىشىكىدىن ئادەم كىرمەيدىغان.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان، كىشىلەر بىـ ـ

لەن باردى ـ كەلدى قىلمايدىغان ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ تۆكىنىڭ يېتىغا قاراپ ئىش كۆرمەك.

مەنىسى: بۇ بىراۋنىڭ ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرىدىغانلىقىنى، مۇستەقىل كۆزقاراش ۋە مەۋقەسى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ تۆكۈرۈكىنى يۇتۇپ يۈرمەك.

مەنىسى: بۇ، ئاچ ـ زېرىن يۈرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ تۆكۈرۈۋەتكەن تۆكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولماس.

مەنىسى: بۇ، قىلغان سۆز، بەرگەن ۋەدىگە ۋاپا قىلىش كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭدىن يېنىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ تېرىسىگە پاتماي كەتمەك.

مەنىسى: بۇ، بىرى، بەكمۇ سەمرىپ كەتكەنلىكىنى، بىرى، ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىقنى، يەنە بىرى، تەكەببۇرلۇقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال.

مەنىسى: بۇ، كۆرۈنۈشى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ تېزنى باسسا مېزى، مېزنى باسسا تېزى.

مەنىسى: بۇ، بىر تەرەپنى يوشۇرسا يەنە بىر ئەسكىلىك

چۈۋۈلۈپ چىققانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**تېكىدىن پىقىپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىزار بولغانلىقنى، يىرگەنگەنلىكنى، ئاچ-
چىق ساۋاقتا ئىگە بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تېجىمەل كېيەن تاپسا تۈلۈۋالار.**

مەنىسى: بۇ، تەييارغا ئاشىق، تەييار ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇ-
رۇپ تۇرىدىغان شەخسلەرنى سۆرەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمەك.**

مەنىسى: بۇ، يامان نىيەت بىلەن باشقىلاردىن ئەيىب تې-
پىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تىرنىقىنى تاتلاپ تۇرماق.**

مەنىسى: بۇ، ئۆتكۈزۈپ قويغان كەمچىلىك، خاتالىقى
ئۈچۈن خىجالەت بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تىلىنىڭ ئۇستىخىنى يوق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئومۇمەن ياخشى، يامان، توغرا
ۋەخاتا گەپ، سۆزلەردە بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇنداق سۆزلەرگە
توغرا مۇئامىلىدە بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ راستچىل، سەمىمىي ئەمەسلىكىد-
نى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تىلىنى مۈشۈك ئۈزۈۋالماق.**

مەنىسى: بۇ، زۇۋان سۈرمەي، پوزىتسىيە بىلدۈرمەي شۈك تۇرۇۋالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تىلى ئۈزۈلۈپ قالماق.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر سۆزنى سۆزلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تىكىنى سورىغۇچە ئۈزۈمىنى يە.**

مەنىسى: بۇ، بىر نەرسىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماستىن، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇۋېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تاپماي تۇرۇپ يېمە، بىلمەي تۇرۇپ دېمە.**

مەنىسى: بۇ ماقال، كىشىلەرنى ئىشچان ۋە سەمىمىي، راستچىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

**☜ تاتلىق يالغاندىن، ئاچچىق راست ياخشى.**

مەنىسى: بۇ بەزى يالغان ئېيتىلغان سۆزلەر گەرچە كۆڭۈل ئاياش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا راست سۆزلەشنىڭ دۇرۇس ۋە ھەقىقىي ئىش ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ تارلىقتا چاچنىڭ زىننىتى يوق، دوستسىز ھاياتنىڭ قىممىتى يوق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ دوستلۇقتا بەكمۇ

موھتاجلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ تارتىنساڭ كېپەك قالۇر، ئېرىنسەڭ ئېشەك قالۇر.**
مەنىسى: بۇ ماقال كىشىلەرگە ئىشچان بولۇشتىن باشقا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، كىشىلەر ئالدىدا ھودۇقماي، دادىل مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تارىمىغان چاچنىڭ زىننىتى بولماس، چاقىرمىغان مېھماننىڭ ئىززىتى بولماس.**
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ مېھماندارچىلىق پائالىيىتىگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تازىلىق بايلىقتىن ئارتۇق، سالامەتلىك شاھلىقتىن ئارتۇق.**
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ تازىلىق ۋە ساغلاملىق جەھەتتە كۆپرەك دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشىنى ئۈندەيدۇ.

**☜ تەزىم قىلىپ ئاش ـ نان يېگۈچە، تىك تۇرۇپ دەشنام يە.**
مەنىسى: بۇ ماقال كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ نەپسى ۋە غۇرۇرىنى ساقلاشنى، خۇشامەت قىلماسلىقنى نەسىھەت قىلىدۇ.

**☜ تاغنىڭ تىرىكى يەردە، ئەرنىڭ يۈرىكى ئەلدە.**
مەنىسى: بۇ، باتۇرلۇقنىڭ ئەل بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تاغ قىياسىز بولماس، دۈشمەن رىياسىز بولماس.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ھىيلە ـ مىكىر ۋە كاززاپلىقتىن ساقلىنىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تالادىكى ئوغرىدىن ساقلانماق ئاسان، ئۆيدىكى ئوغرىدىن ساقلانماق تەس.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى چۈشىنىدىغانلار ئارىسىدىن دۈشمەن ياكى ئوغرى چىقىپ قېلىشىنىڭ تولىمۇ خەۋپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تام زەيدىن يىقىلار، ئادەم مەيدىن يىقىلار.**

مەنىسى: بۇ، مەي ـ شارابنىڭ بەك زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تەدبىر قىلساڭ تاش ئۈستىدىمۇ ئاش بولىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىش قىلىشتا دىتى ۋە تەدبىرى بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تەدبىرىڭ قانداق بولسا تەقدىرىڭ شۇ بولىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك بولۇشىنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە سىڭەر.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى كۆپچىلىك بىلەن بىللە قىلىشنىڭ خاسىيىتى كۆپ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ توخۇسى ئۆگەيلىمىسە، چۈجىسى ئۆگەيلەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئاتا - ئانىسى ئۆگەيلىمىسە، بالىسى ئۆگەيلەپتۇ دېگەنلىك بولۇپ، ئادەتتە، شەھەردىكى ياشلار بالىلىرىنى يېزىدىكى ئاتا - ئانىسىغا بېرىپ ياكى باقتۇرۇپ، چوڭ بولۇپ قالغاندا ئۆز بالىسىنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قورۇنۇپ قالغانلىقىنى، كۆنمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ تور باغلىمىغان ئۈمۈچۈك ھاشارات تۇتالماس.**

مەنىسى: بۇ، تەييارلىقى بولمىغان بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە يولۋاستەك بىر يىل ياشا.**

مەنىسى: بۇ، ھاياتنى ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ توشۇپ بارغان گەپ سېسىق، تۇرۇپ قالغان سۇ سېسىق.**

مەنىسى: بۇ، غەيۋەت ۋە پىتنە - خورلۇقنىڭ تولىمۇ چاكىنا ۋە پەسكەش ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ توغرا قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار، خاتا قىلساڭ پاتىقىڭ چىقار.**

مەنىسى: بۇ. بىرەر ئىشنى توغرا ۋە ئادىل قىلىشنىڭ پەزىلىتى كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ توخۇمنىڭ سېسىقى پالاق، ئادەمنىڭ يامىنى شالاق.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.





☜ **تۇغقاننى تاشلىسا يات بولۇر، تۆمۈرنى تاشلىسا دات بولۇر.**

مەنىسى: بۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قېرىنداشلارنى يوقلاپ تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تۆكىنىڭ خۇيىنى مەتەر بىلۇر، ئالتۇننىڭ خۇيىنى زەرگەر بىلۇر.**

مەنىسى: بۇ، ھەر بىر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بىلىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تۆمۈرنى بازغانلىمىسا سايمان بولماس، ئادەم چېنىقمىسا ساغلام بولماس.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ ساغلام ياشاش ئۈچۈن بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تېرىمىغان بىر يىل پۇشايمان قىلار، ئوقۇمىغان يۈز يىل پۇشايمان قىلار.**

مەنىسى: بۇ، بىلىم ئۆگەنمەسلىكنىڭ نادامىتى بەك ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تىغ يارىسى ساقىيار، دىل يارىسى ساقايماس.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاشنىڭ پەزىلىتى ۋە خاسىيىتى جىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تىلنى سۆيمىگەن ئەلنى سۆيمەس.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشنىڭ ئالدىنقى شەر-

تى ئاناتىلنى سۆيۈشتىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **تىلسەڭ تاپارسەن، تىرىساڭ ئالارسەن.**

مەنىسى: بۇ ھەركىمنىڭ ئۆز ئارزۇسى ۋە قىلغان ئىشىـغا لايىق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قولـلىنىلىدۇ.

☞ **تىلىڭنى توغرا تۇتالمىساڭمۇ، دىلىڭنى توغرا تۇت.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ قەلبى ۋە دىلى توغرا بولىدىكەن، ئۇنىڭ تىلىمۇ مۇقەررەر توغرا ۋە گۈزەل بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## ج

**☜ جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ بېشى ئادەمنىڭ ساغلام بولۇشىدا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ جەڭگە ئالدىرىما، ئاتقاننى كۆرسەڭ، سىلكە ئالدىرىما ئاققاننى كۆرسەڭ.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىياتچان، تەمكىن بو-لۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ جەننەتنى بىرەي دېسەڭ شەيتانغا ئالدانما.**

مەنىسى: بۇ، قۇرۇق ۋەدە ۋە قەسەملەرگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئاقىلانە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-رىدۇ.

**☜ جېدەلنىڭ چىرايلىقى يوق، ھاقارەتنىڭ تاتلىقى يوق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئارازچىلىقنىڭ، ئاداۋەتنىڭ يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ جىرىم تىكسەڭ پۈتاپ تۈز تۈز لىم ئالسەن، بىكار بول-ساڭ كىتاب كۆر بىلىم ئالسەن.**

مەنىسى: بۇ، ۋاقىتنى بىلىم ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىش-

نىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ جىگدىدىن بادىر چىقماس، ساۋاتسىزدىن كادىر چىقماس.**
مەنىسى: بۇ، بىلىملىك بولغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنى باشقۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىدە كەلگەن.

**☜ جىڭ تۇتقاندا ئىنسابىڭنى تارتىپ كۆر.**
مەنىسى: بۇ، سودا ـ سېتىقتا ئادىل ۋە ئىنسابلىق ئىش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ جىڭنى كەم تۇتما، رىسقىڭ كۆيەر، سامانلىققا شام تۇتما، ئۆيۈڭ كۆيەر.**
مەنىسى: بۇ، ئىنسابلىق بولۇشنىڭ ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق.**
مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بەخت ـ سائادەت جاپا ـ مۇ-شەققەت ئارقىسىدا قولغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ جاپا چەكمىگەن ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.**
مەنىسى: بۇ، كۆپ جاپا چەككەن، بىر ئىشقا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ئادەملا قولغا كەلگەن نەتىجىنىڭ قەدىر ـ قىممى-تىگە يېتىدۇ، دېگەن مەنىدە.

**☜ جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.**
مەنىسى: بۇ، تىرىكلىكنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، تى-

رىكلىك بولغاندىلا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بان بىلەن ئويناشماق.**

مەنىسى: بۇ، قاراملىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**بان تۇمشۇقىغا كېلىپ قالماق.**

مەنىسى: بۇ، ھالاكەتنىڭ بەك يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بان پىتقاندىن كېيىن ياسىن ئوقۇماق.**

مەنىسى: بۇ، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چارە - ئامال ئىزلىگەنلىكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**باندىن كەچمىگۈچە بانانغا يەتكىلى بولماس.**

مەنىسى: بۇ، بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، جا-پا - مۇشەققەتكە چىداش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بان كۆندە پېپەكلىمەيدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ئوبدان ئاسراش، كۈتۈش لازىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**باننى ئالقانغا ئېلىپ يۈرمەك.**

مەنىسى: بۇ، ئۆلۈم ۋە باشقا خەتەرنى كۆز ئالدىغا كەل-تۈرگەن ھالدا بىر ئىشقا قەدەم قويغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ باھانىدا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى.

مەنىسى: بۇ، گۈزەللەر جىق بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈل سۆيگەن شۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت چىراي تاللىمايدۇ، ئۇيقۇ ئورۇن تاللىمايدۇ، شۇنداقلا چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق.

☜ بىنىم تۇرغان تامغا ئۇسسەك.

مەنىسى: بۇ، داۋلىسىزلىق قىلىپ باشقىلارغا چېقىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىنىم ياتقان ئىلانىڭ بېشىنى قىسىرلاتماق.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشتىن ھېچ خەۋىرى يوق، بىر ئىشنى قىلىشنى ھېچ ئويلاپمۇ باقمىغان ئادەمنى قوزغاپ قويغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىندىن قېچىپ ئالۋاستىغا ئۇچىرىماق.

مەنىسى: بۇ، بىر بالادىن قۇتۇلۇپ، يەنە ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بالاغا يولۇققانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ بىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا.

مەنىسى: بۇ، ئاساسىي مەقسەت بۇ ئەمەس باشقا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ بىن ئىسرىقتىن قاچقاندەك.

مەنىسى: بۇ، بەزىلەرنىڭ ھەقىقەتتىن قورقۇپ قاچقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

چ

☜ چاشقانغا قىيىن، مۈشۈككە ئويۇن.
مەنىسى: بۇ، بىراۋ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا، ئۇنى زاڭلىق قىلماسلىق كېرەكلىكىنى، ئەڭ بولمىغاندا ھېسداشلىق قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چاشقانغا كېپەك ئالدۇرماپتۇ، قوڭغۇزغا تېزەك ئالدۇرماپتۇ.
مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ناھايىتى پىخسىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چاقتا گۇناھ يوق تانىسى بۇزۇق، قىزدا گۇناھ يوق ئانىسى بۇزۇق.
مەنىسى: بۇ، قىز بالىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئانا تەربىيىسىگە باغلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چاقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سىيى بار.
مەنىسى: بۇ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئابرۇيلۇق ۋە سالاپەتلىك ئادەملەرنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ چوڭ گەپ قىلغۇچە چوڭ ئىش قىل.

مەنىسى: بۇ، قۇرۇق گەپ، قۇرۇق پو بىلەن تاڭ ئاتمايدىغانلىقىنى، ئىشنى چوڭ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چۆل بولىسىمۇ يۇرت ياخشى، ئاز بولىسىمۇ قۇت ياخشى.

مەنىسى: بۇ، ئۆز يۇرتىنى سۆيۈش بەختلىك بولۇش بىلەن باراۋەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چۆلدە ئۆسكەن قامغاقنىڭ خېرىدارى شەھەردە.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ تاشلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر كۈنى ئەسقاتىدىغان يېرى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ.

مەنىسى: بۇ، بەزى ئىشلارنى باشقىلار بىلىپ قالارمىكىن دېمەي، داۋىل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چىدىماسنىڭ نالىسى تولا، ھۇرۇننىڭ باھانىسى تولا.

مەنىسى: بۇ، ھۇرۇنلۇق سەۋەبىدىن باھانە ـ سەۋەب تاپماي، داۋىل ئىش قىلىشنىڭ ياخشىلىقىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چىراغ ئۆينى يورۇتىدۇ، بىلىم كۆڭۈلنى يورۇتىدۇ.

مەنىسى: بۇ، بىلىمنىڭ ئىنسان روھىنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىراغ يېقىپ يورۇقىنى كۆر، بىلىم ئېلىپ ھۇزۇرىنى كۆر.**

مەنىسى: بۇ، بىلىم ئېلىشنىڭ ئادەمگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىرايى چىرايلىق كۆيدۈرىدۇ، قىلىقى چىرايلىق سۆيدۈرىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەرنىڭ خۇلقى ـ مىجەزىنىڭ ياخشىلىقى ئادەملەرنى سۆيۈندۈرىدۇ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**چېقماقنىڭ چۈشمىكى بار، ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىقمايدىغان كىر يوق، ئېچىلمايدىغان سىر يوق.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق سىرنىڭ، مەخپىيەتنىڭ بىر كۈنى پاش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىكىلداپ ماڭسىلا سائەت دېمە، سوۋغىنىڭ ھەممىسىنى ئامەت دېمە.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارا ئېلىم ـ بېرىمدە ئېھتىياتچان بولۇش، ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**چىۋىق تەگسە غىڭشىيسەن، كالتەك تەگسە جىم.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئادەمگە بىر خىل پرىنسىپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چىدىغان غالىب، چىدىمىغان غايىب.

مەنىسى: بۇ، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چاپىنى تىزدىن ئاشماسلىق.

مەنىسى: بۇ، يوقسۇللۇق، نامراتلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ چاشقان تۆشۈكى ساراي بولماق.

مەنىسى: بۇ، ھەددى ـ ھېسابسىز قورقۇپ ئۆزىنى يوشۇرغۇدەك يەر تاپالمىغانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان.

مەنىسى: بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن پېخسىق ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ چاشقانلار ھاسا تايىنىپ يۈرىدۇ.

مەنىسى: بۇ، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى، ھەتتا چاشقان يېگۈدەك نەرسىمۇ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ.

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ـ ئۆزى ھالاكەتكە تۇتۇپ بەرمەكچى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**پاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىشنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىچكى - تاشقى ئامىلنىڭ ماسلىشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پاۋىسىنى چىتقا يايماق.**

مەنىسى: بۇ، خەلقئالەم ئالدىدا پاش قىلىۋېتەلىكىنى، ئاشكارا قىلىپ رەسۋاسىنى چىقارغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پايناپ ئاغزىغا سىلىپ قويماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ بىلمىگىنىنى ئېزىپ - ئىچكۈزۈپ قويغانلىقىنى، ئىلھام بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پايناپ پۈركۈۋەتكۈدەك بولماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا نىسبەتەن غەزەپ - ئاچچىقىنىڭ ناھايىتى قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پايپقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويماق**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى تۈزىتىمەن دېگەن نىيەت بىلەن بۇزۇپ قويغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**پوك باشنى ئاپسا، كىچىك كۆتىنى ئاپار.**

مەنىسى: بۇ، كىچىك بالىلارنىڭ قانداق بولۇشى چوڭلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**پوك بولساڭ كىچىك بول.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى كەمتەر، كىچىك پېئىل بو-

لۇشقا ئۇندەيدۇ.

☜ چوڭ بولۇپ ئىشەك بېشى تۇتۇپ باقمىغان.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمايدىغان، بىر ئىشقا قولى قولاشمايدىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ چوڭ بىلىق كىچىك بىلىقنى يەر.

مەنىسى: بۇ، كۈچلۈكلەرنىڭ كۈچسىزلەرنى بوزەك قىلىپ ئېزىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چوڭ نان پىشقۇچە كىچىك توغاچ كۆيۈپ كېتىپتۇ.

مەنىسى: بۇ، شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەنلەرنىڭ بىر ئىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چۆپىدىمۇ يوق، سۆپىدىمۇ يوق.

مەنىسى: بۇ، ھېچقانداق ئالاقە ـ مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ چۈشىنى كۆزدە سانىماق.

مەنىسى: بۇ، قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىنى، بىر نەرسىنىڭ نەتىجىسىگە ھازىرىغا قاراپلا باھا بەرمەستىن، ئەڭ ئاخىرىغا قاراش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ چۆپچۈرىنى خام سانىماق.

مەنىسى: بۇ، خام ـ خىيالنى، بىر ئىشنىڭ ئاۋۋال ئوي-

لىغانىدەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ پىيار يېرى سامانلىق بولماق.**

مەنىسى: بۇ، ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ ئۆزىنى يوشۇرىدىغان يەر تاپالمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ چىرايىغا ئاش قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس.**

مەنىسى: بۇ، ھەقىقىي مۇھەببەت چىرايىغا باغلىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ھالىنىڭ خارابلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق.**

مەنىسى: بۇ، ھەقىقىي مۇھەببەت چىرايىغا ئەمەس، بىر - بىرىگە بولغان ۋاپا، ئەقىدىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ چىش بىلەن كالپۇكتەك.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن يېقىنلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ چىشلەيدىغان ئىت چىشىنى كۆرسەتمەيتۇ.**

مەنىسى: بۇ، يامانلىق قىلغۇچى ئالدىن خەۋەر بەرمەيدىغانلىقىنى، ئۆز ئەسكىلىكىنى تۇيدۇرماستىن قىلىدىغانلىقىنى،

بۇنىڭ ئۈچۈن ھوشيار بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ پىشنى يۇلۇپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماق.

مەنىسى: بۇ، كېلىشتۇرۇپ ئەدىپىنى بېرىپ، قىلغىنىغا تۈيغۇزۇپ قويغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ پىقىپ كەتكەن كۆز ئۆز ئورنىغا چۈشمەك.

مەنىسى: بۇ، بەربىر زىيان ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئاۋۋال-قى ھالىغا كەلمەيدىغانلىقىنى، كەلگەن تەقدىردىمۇ ئاۋۋالقىدەك بولۇشى تەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ پىۋىن كىچىك بولسىمۇ كۆڭۈل ئاينىتىدۇ.

مەنىسى: بۇ، كىچىك دەپ ھېسابلانغان بەزىبىر ھەرد-كەت، قىلىقلارنىڭ كىشىلەرگە زور زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ پىۋىنگە ئازار بەرمەيدىغان.

مەنىسى: بۇ، كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل ئادەملەرنى سۈ-پەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ پىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالماق.

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈلنىڭ غەشلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

خ

☜ خالتا كوچىغا كىرىپ قالماق.

مەنىسى: بۇ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقنى، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ خانىغا يارىغان ئىشىم، تازىغا يارىماپتۇ.

مەنىسى: بۇ، ئامىمغا يارىغان بىر ئىشنىڭ شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ھەسەتخور ئادەملەرگە يارىمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ خەقنىڭ دىپىغا تۇسسۇل ئوينىماق.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ قۇترىتىشى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ خىلىپەم كۈلمەيدۇ، كۈلسە تىلىقىپ قالىدۇ.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ خورىكى ئۆسۈپ قالماق.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ تەكەببۇرلىشىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ خۇشامەتچى بولماي دېسەڭ، تەمەگەر بولما.
مەنىسى: بۇ، ئابرۇيپەرەس، تاماگەر ئادەملەرنىڭ ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن هامان خۇشامەت بىلەن بولىدىغانلىقىنى، شەخسىيەتچىلىك هامان كىشىلەرنى هەر يولغا سالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ خۇشياقماسقا ئىش بۇيرۇساڭ ئالتىنچى ئايدا قولى توڭلار.
مەنىسى: بۇ، هۇرۇن - تەمبەل ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ خۇشياقماسقا ئىش بۇيرۇساڭ ساڭا ئەقىل ئۆگىتەر.
مەنىسى: بۇ، هۇرۇنلارنىڭ تولىمۇ هىيلىگەرلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ خۇپتەندىن قېچىپ تاراۋىغا تۇتۇلماق.
مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى قىيىن دەپ ئۇنىڭدىن قېچىپ، ئۇنىڭدىنمۇ قىيىنىغا يولۇققانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ خۇدا ئۇرغاننى خۇداۋەندىكام قوشلاپ ئۇرۇپتۇ.
مەنىسى: بۇ، پېشكەللىك قوشلاپ كەلگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ خۇدايىم بەرسە، پەيغەمبەر غىڭ قىلماپتۇ.
مەنىسى: بۇ، ئاما تەشكىل تەرەپتىن بېرىلگەن هۆرمەت - ئابرۇينى ئايرىم هەسەتخور شەخسلەرنىڭ يوققا چىقىرى-

ۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**خۇدايىم شۇڭا پاقىغا قۇيرۇق بەرمىگەن.**

مەنىسى: بۇ، ئەمەلپەرەس، ئۆز ئورنىدىن پايدىلىنىپ باشقىلار ئۈچۈن زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلىغان ئادەملەر ئۇ- چۇن قوللىنىلىدۇ.

**خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىغىڭنىڭ نېمە ھاجىتى.**

مەنىسى: بۇ، سېنى قوللايدىغان ئادەم بولمىسا، ئادەم- نىڭ قوللاش - قۇۋۋەتلىشى بولمىسا، سېنىڭ ئۇ ئىقتىدار، قا- بىلىيەتلىرىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دېگەن مەنىدە.

**خاتادىن قالساڭ قال، قاتاردىن قالما.**

مەنىسى: بۇ، پەقەت ئەلدىن قالما، يەنى ئادەم بىلەن ئا- دەم ئادەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**خاتالاشقاننى كەچۈر، خاتالىقنى كەچۈرمە.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەردىكى يامان ئىللەتنى كەچۈرمەس- لىك، ئادەمنى كەچۈرۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئاساسلىقى ئادەمنى قۇتقۇزۇپ، كېسەلنى داۋالاش كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغان.

**خەقنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قول توڭلاپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، باراۋىنىڭ ئىشىغا يەنە باراۋىنىڭ ئەستايى- دىل مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىنىڭنىڭ قىشقا باقماي، ئەتكەن ئىشقا باق.**

مەنىسى: بۇ، ئايال كىشىنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، قىلغان ئىشىغا قاراپ باھا بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **خىرس قىلغان يولۋاستىن، ھەجىبىپ تۇرغان ئىت يامان.**

مەنىسى: بۇ، ئىشنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قارىماي، ماھىيىتىگە قاراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **خىيانەتلىك دوستتىن دىيانەتلىك دۈشمەن خوپ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارا پەزىلەتنىڭ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.



د

☜ **داپ داراقلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىكار تەلەپ، بەڭۋاش، ھەر يەرنى كېزىپ يۈرگۈچى ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **داپنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتىدىغان.**

مەنىسى: بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن پىششىق ـ پىخسىق، پۇلغا ئامراق ئادەملەرنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ **داننى بۇ يەردىن يەپ، باشقا يەردە كاككىلىماق.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزى بۇ يەردە، كۆڭلى باشقا يەردە ئىكەنلىكىنى، باشقا يەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دەرد كەلسە قوش، دۆلەت كەلسە تاق.**

مەنىسى: بۇ، تەلەيسىزلىك ۋە بەختسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغۇرماي كېلىدىغان.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئىنتايىن ھىيلىگەرلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**دەسمايىسى غالتەككە پىقماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ بار يېرى ـ ماختىنىپ يۈرگەن نەرسىلىرى قانچىلىك ئىكەنلىكى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوزاخقا شوتا بولىدىغان.**

مەنىسى: بۇ، ھېسابسىز ئىگىز ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**دوست باشقا قارار، دۈشمەن ئاياغقا قارار.**

مەنىسى: بۇ، باشقىمۇ، ئاياغقىمۇ پاكىز، رەتلىك كىيىنىش كېرەك، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**دوستقا دوست كېرەك، ھېسابقا دۇرۇس (دوست دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس).**

مەنىسى: بۇ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سەمىمىي بولۇش لازىملىقىنى، شۇنداقلا ھېسسىياتنى دەپ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا قائىدە ـ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستنىڭ ئاتقان تېشى باشنى يارماس.**

مەنىسى: بۇ، دوستلارنىڭ قاتتىق گەپ ـ سۆزلىرى پايدىسىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.**

مەنىسى: بۇ، دوستلارنىڭ بىرەرسى ئېغىر كۈنلەرگە

قالغاندا، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتمەسلىك لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ بويۇمدا قالدى.**

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈلچەكلىك قىلماسلىقنى، پرىنسىپ، قائىدە ـ تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **دوست يىغلىتىپ ئېيتار دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.**

مەنىسى: بۇ، دوستلارنىڭ سۆزى ئاچچىق بولسىمۇ، بۇ، ھەرگىز يامانلىق كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **دۈشمەن قاپقاندىن كېيىن باتۇر كۆپىيەر.**

مەنىسى: بۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتە يوق، غەلىبە قولغا كەلگەندىن كېيىن غەلىبىگە شېرىك بولغۇچى پۇرسەتپەرەسلەرنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **دەرەخ شېخىدىن سۇنار، ئادەم كېپىدىن سۇنار.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارا گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **دەريا بويىدا ياشىساڭمۇ بېلىق بىلەن دوست بولالمايسەن.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەر ئارا ئۆز خىلى بىلەن بىللە ياشاش كېرەكلىكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي ئەكەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ناھايىتى ھىيلە ـ مىكىرگە باي

ئادەملىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **دەريادا بېلىق ئۈسسۇز.**

مەنىسى: بۇ، كۆرۈنۈشكە قارىماي، مەسىلىنىڭ تېگىگە، ماھىيىتىگە قاراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دەۋاگەر بوش كەلسە، قازى مۇتتەھەم بولۇپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۆز ئىشىغا كۆيۈنۈپ، چىڭ تۇرمىسا، ئىشىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوراپ كۈلمەي، ئويلاپ كۈل.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن ئەگەشكۈچى بولماي، مۇستە-قىل پىكىر قىلغۇچى بولۇشنىڭ تولىمۇ شەرەپلىك ئىش ئى-كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوراشتىن قىلىق تاپسەن. قىلىقتىن ئادەت.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەت كۈچىنىڭ دوراشتىن كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوست بول سىرىنى بىلىپ، باشلايدىغان يېرىنى بىلىپ.**

مەنىسى: بۇ، دوستلۇق ئۈچۈن چۈشىنىشنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوست تاش بەرسە گۆھەر بىل، دۈشمەن ئاش بەرسە زەھەر بىل.**

مەنىسى: بۇ ئادەم ئۈچۈن كىمنى قەدىرلەش كېرەكلىكى

ھەقىقەتتە مەيدان ـ مەۋقە ئېنىق بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوست تۈزىتىش كەيىپ ـ ساپانى، سىنتۇالمىغان جەبىر ـ جاپانى.**

مەنىسى: بۇ، كەيىپ ـ ساپانىڭ ئادەم ھاياتىغا زۆلۈم سالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوست دوستنى ئايايدۇ، كەمچىلىكىنى تەنقىد بىلەن ساۋايدۇ.**

مەنىسى: بۇ، دوستلۇقتا، بىر ـ بىرىنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزىتىش پرىنسىپى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوست سۆزىنى تاشلىما، تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.**

مەنىسى: بۇ، دوستقا ۋاپا قىلماقنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوست كەينىڭدە ماختار، دۈشمەن ئالدىڭدا.**

مەنىسى: بۇ، دوستنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا دوست ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوستلار ئارا ئاداۋەت، دۈشمەن ئۈچۈن تاپاۋەت.**

مەنىسى: بۇ، دوستلۇقنى قەدىرلىمىسە، دۈشمەنگە پايدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوستنى دۈشمەن قىلار ئاداۋەت، ئادەمنى ھۆرۈن قىلار قانائەت.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارا ئاداۋەت ۋە قانائەتنىڭ ناھا-

يىتى زىيانلىنىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوستۇڭدىن سىر ساقلىما بىلگۈسى كېلۇر، دۈشمىنىڭگە دەرد تۆكمە كۈلگۈسى كېلۇر.**

مەنىسى: بۇ، دوست بىلەن دۈشمەنگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئىنتايىن ئاقىلانە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوستۇڭ ساڭا سۇ بەرسە، سەن ئۇنىڭغا ھەسەل بەر.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇش (ياندۇرۇش) كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوستۇڭغا جاپا قىلما، دۈشمەنگە ۋاپا قىلما.**

مەنىسى: بۇ، دوستلۇققا يار - يۆلەك بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.**

مەنىسى: بۇ، دوستنىڭ ئاچچىق گەپ - سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاشنىڭ پايدىسى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دۇتار چالدىم يۇسۇپ ئەھمەتكە، ھېچنېمە كەلمەس قۇرۇق رەھمەتكە.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا مۇۋاپىق جاۋاب قايتۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **دۇئا ئالغان ئامان، قارغىش ئالغان يامان.**

مەنىسى: بۇ، ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئامان قالىدى-

غانلىقى، يامانلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ يامانلىققا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۆت بىلەن ھاكاۋۇر بىر باشقىلارنىڭ مېۋىسى.**

مەنىسى: بۇ ماقال، كىشىلەرنىڭ ئەقىللىق بولۇپلا قالماي، پەزىلەتلىك بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەننىڭ قارىغىمايدىغىنى يوق، قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق.**

مەنىسى: بۇ ھەرقانداق چاغدا، دۈشمەن مەيلى ئاز ياكى كىچىك بولسۇن، ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەن يوق دېمە ئەلدە، بۆرە يوق دېمە چۆلدە.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ تەمكىن، زېرەك بولۇش كېرەكلىكى، بىخۇدلۇق قىلىشنىڭ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دېھقاننىڭ ئوبدىنى چامغۇر تېرىيدۇ، ئادەمنىڭ ئوبدىنى يۇرتىدا قېرىيدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن ئۆز يۇرتى ـ ۋەتىنىنىڭ ھەممىدىن قىممەتلىك، سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**دىل ئاغرىتقان دوست ئەمەس، گال ئاغرىتقان ئاش ئەمەس.**

مەنىسى: بۇ، دوستنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاياشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ دىلدا پۇشمىغان سۆزنى دېمە.
مەنىسى: بۇ ئويلاپ سۆزلەشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ دىلى بىرنىڭ تىلى بىر، دىلى بىرنىڭ غېمى بىر.
مەنىسى: بۇ قەلبى ـ دىلى ۋە نىيىتى بىر ئادەملەرنىڭ ھەممە غەم ـ غۇسسىسى يات بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.
مەنىسى: بۇ، ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ دىيانەت بار يەردە خىيانەت يوق، خىيانەت يوق يەردە جىنايەت يوق.
مەنىسى: بۇ، پاك ـ دىيانەتلىك، ئادىل پەزىلەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ دەرەخنىڭ ئاپىسى بار، سەۋرنىڭ قاپىسى بار.
مەنىسى: بۇ سەۋر ـ تاقەتلىك ئىشنىڭ ئەھمىيىتى زورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ داۋنى بولمايدىغان تاغ يوق، ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا يوق.
مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قىيىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنى يېڭىش ئىرادىسى بولغاندىلا،

ئالغا قاراپ ماڭغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**دان بەرمىگەن يەر ئەمەس، ئەردىن قالغان ئەر ئەمەس.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمدە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىنتىلىش روھى بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## ر

☜ راست ئېيتتىڭ قوتۇلدۇڭ، يالغان ئېيتتىڭ تۇتۇلدۇڭ.
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى راستچىل، سەممىي بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

☜ رەڭگىرويىغا قاراپ ئىش كۆرمەك.
مەنىسى: بۇ، يۈرەكسىزلىكنى، بىراۋنىڭ ۋەزىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ رەڭگىگە قاراپ يۈگۈرمەك.
مەنىسى: بۇ، ئەندىشە ۋە ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ، روھىي ھالەتنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ روزىنى مەن تۇتسام، ھېيتنى باشقىلار ئوينىدى.
مەنىسى: بۇ، بىر نەرسىنىڭ ھالاۋىتىنى شۇ ئىش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن ئادەم كۆرمەي، ئەجىر سىڭدۈرمىگەن باشقا بىراۋنىڭ كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ رەندە سالغان تاختىدەك.
مەنىسى: بۇ، ئىنتايىن ئورۇق، بەدىنىدە گۆشى يوق ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**راستچىل تۈلكە بولماس، ئادەم يېمەس يولۋاس بولماس.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ياخشى دەپ قارىغۇچىنىڭ سۆزىگە قاراپلا ئىشەنمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**راستچىل ھۆرمەت تاپار، يالغانچى غۇربەت تاپار.**

مەنىسى: بۇ ماقال، ئادەم ئۈچۈن يالغانچىلىقتىنمۇ ئار-تۇق كۆلپەت بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قول-لىنىلىدۇ.

**راست سۆزنىڭ خىيالىتى يوق.**

مەنىسى: بۇ، راست سۆزنىڭ جەلپكار تەرىپى بار دې-يىلسە، ئۇنىڭ خىجىل ۋە خىجالەتچىلىكتىن يىراق ئىكەنلىكى-نى بىلدۈرىدۇ.

**راست سۆز ئېغىزدىن چىققۇچە، يالغان سۆز داۋان ئېشىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، راست سۆزنىڭ بىر خىل، يالغان سۆزنىڭ كۆپ خىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**راست گەپ قىلغان قۇتۇلار، يالغان گەپ قىلغان تۇتۇلار.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئۈچۈن راست گەپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**راھەتنىڭ ئانىسى ـ ئەمگەك.**

مەنىسى: بۇ، ئىش ۋە ئەمگەك قىلىشنىڭ ئادەم ئۈچۈن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **راستنى كۆرسە يالغان قاچىدۇ، بۆرىنى كۆرسە تايغان قاچىدۇ.**

مەنىسى: بۇ ھەرقانداق يالغانچىلىقنىڭ راستچىللىق ئالدىدا تىز يۈكۈندىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **رەڭنىڭ قېنىقى ياخشى، گەپنىڭ ئېنىقى ياخشى.**

مەنىسى: بۇ گەپ ـ سۆزدە ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **رەڭمۇ رەڭ بولاي دەيمەن، ھېچنېمە بولالمايمەن.**

مەنىسى: بۇ، ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ ھەۋەس قىلىپ، بىرىنىمۇ تاللاپ بولالماي، داغدا قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## ز

☞ **زاكىسىدا قېرىپ قالغان.**

**مەنىسى:** بۇ، ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ھوشيار ـ زېرەك بالىلارنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق.**

**مەنىسى:** كىشىلەر بىلەن ۋاقىت، شارائىت ئارىسىدا ئۇيغۇنلۇق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **زەردىسى قاينىماق.**

**مەنىسى:** بۇ، غەزەپ ـ ئاچچىقىنىڭ قاتتىق كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **زۇۋۇلىسى پىششىق.**

**مەنىسى:** بۇ، جىسمانىي جەھەتتىن تېنى چىڭلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **زۇۋۇلىسىنى چوك تۈزگەن.**

**مەنىسى:** بۇ، ئەزەلدىن «ئامەتلىك»، «بەختلىك» تۇغۇلغان دېگەن مەنىدە.

☜ زارلانماي ئىشلىسەڭ، خارلانماي چىشلەيسەن.

مەنىسى: بۇ ئەمگەكنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئىشلىگەننىڭ ياخشى نەتىجىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ زامانى بىرنىڭ زارى بىر.

مەنىسى: بۇ، بىر دەۋردە ياشىغانلارنىڭ كۆپىنچە ئارزۇ-سى، تىلىكى بىر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ زەرنىڭ دوستى تولا، زەرگەرنىڭ دۈشمىنى.

مەنىسى: بۇ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن بېيىغانلارنىڭ دۈشمى-نى كۆپ بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسىغا كۆز قىزارتىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ زېرەك تېپىپ سۆزلەيدۇ، دېۋەڭ كۆپۈپ سۆزلەيدۇ.

مەنىسى: گەپ ـ سۆزدە پو ئاتماي، جايىدا ـ لايىقىدا سۆزلەشنىڭ پەزىلىتى زور دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ زېمىن ئالساڭ تاللاپ ئال، ئېرىق بويىدىن.

مەنىسى: بۇ، خەلقىمىزنىڭ زېمىن بىلەن باغۇ ـ بوس-تانلىق بەرپا قىلىدىغان ئادىتى تولۇق ئىپادە قىلىنغان تەمسىل بولۇپ، ئېرىق ياكى سۇ بويلاپ ماكانلىشىش تارىخىنىمۇ بىلدۈ-رىدۇ.

☜ زېمىننى كېپەككە ئال، قوشنىنى ئالتۇنغا ئال.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارا قوشنىدارچىلىقنىڭ ناھايىتى

زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **زىمنۇ كۆيمىسۇن، كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن.**

**مەنىسى:** بۇ، بىر ئىشنى قىلىشتا، ئىككىلا تەرەپنى تالا-پەتكە ئۇچراتماي، مەسىلە ھەل قىلىشقا قارىتا ئېيتىلىدىغان ماقال بولۇپ، كىشىلەرنى تەبىرلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

☜ **زىيان ئاپىسىق پايدا تاتلىق.**

**مەنىسى:** بۇ، سودا ـ سېتىقچىلىقتا ۋە ھەرقانداق ئىش قىلىشتا ئادەملەرنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىنى ئەڭ مۇھىم بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## س

☜ سادىن لاچىن تۇغۇلىدۇ.

مەنىسى: بۇ، «كۆزگە ئىلمىغان» ئادەملەردىن نى - نى يارامىلىق ئەۋلادلارنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ساراڭنى ساراڭ دەۋەرسە، كۈندە بىر چىشلەم گۆشى ساراڭ بولىدۇ.

مەنىسى: بۇ، بىر ئادەمنى داۋاملىق ئەيىبلەۋەرسە، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئەسكىلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇچۇن كۆپرەك ئىجابىي تەربىيە بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ساقال دېگەن ئۆپكىدىمۇ بار.

مەنىسى: بۇ، ساقال ھۆرمەت ئۇچۇن بەلگە. لېكىن ساقىلى بارلىكى ئادەمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش لازىم ئەمەس، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويماس.

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچەلمەيدىغان ياكى كىچىككىنە مەنپەئەت ئۇچۇن كۆزى قىزىرىپ كېتىدىغان ئادەملەرگە مەسلىھەت ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.



☜ **سامان ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتمەك.**

**مەنىسى:** بۇ، يوشۇرۇن ھالدا سۇيىقەستلىك ھەرىكەتتە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سامانلىقنىڭ ئاپقۇپى تېگىپ قالماق.**

**مەنىسى:** بۇ، كىچىككىنە بىر مەسئۇلىي خىزمەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە كىبىر پەيدا قىلىپ، كىشىلەرگە چوڭلۇق قىلغۇچى شەخسلەر ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **سامان باشقىلارنىڭ بولسىمۇ سامانلىق ئۆزۈكىنىڭ.**

**مەنىسى:** بۇ، ئاشقازىنىنىڭ قانچىلىك قوبۇل قىلىشى بىلەن ھېسابلاشماي، بولۇشىغا يەۋېلىپ، سىڭدۈرەلمەي، ئاۋارە بولغۇچىلار ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز.

☜ **ساناقلىق كۈنى قالماق.**

**مەنىسى:** بۇ، بىراۋنىڭ ئۆمرىنىڭ ناھايىتى ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سانىڭ پۈتىگە ئىپى ئاغرىماس.**

**مەنىسى:** بۇ، زالىم ۋە مۇشتۇمزورلارنىڭ ئاجىز - غېرىب مۇساپىرلارغا ھېچقانداق رەھىم - شەپقەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سانىماي سەككىز دېمە.**

**مەنىسى:** بۇ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي، ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ، بىر نەرسىگە باھا بېرىش توغرا ئە-

مەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ساۋابىنىڭ كۆتى تۆشۈك.

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا ياخشىلىق قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇ ـ نىڭدىن كۆرگەنلىكىنى ياكى بىرەر تاپا ـ تەنىگە قالغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سەكرەپ ـ سەكرەپ ئورنىغا چۈشمەك.

مەنىسى: بۇ، ئالدىدا تەتۈرلۈك ـ جاھىللىق قىلىپ، ئاخىر يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سەن تاش سانىساڭ، باشقىلار قوم سانايدۇ.

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ شەخسكە نىسبەتەن زېرەك، ھوشيار ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆزىدىن كەم كۆرۈش يارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ تۇرىدۇ.

مەنىسى: بۇ، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سالغاندىلا، دۇنـ يادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوقلۇقىنى، كىشىلەرنىڭ تەبىـ ئەت ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سەۋزىدە خەۋەر يوق، كۆرۈپ دەم يەپ قاپتۇ.

مەنىسى: بۇ، بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن، قىسىمەنلىكلەرنىڭ ئەلتۆكۈس ھازىر بولۇشى لازىملىقىنى، بىـ رەر قىسىمەنلىكنىڭ ھازىر بولۇشى بىلەن بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر.

مەنىسى: بۇ، غورىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇزۇن بىر زامان كېرەك بولغىنىغا ئوخشاش، بەزى ئىشلارنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن سەۋر قىلىپ بىر مەزگىل كۈتۈش لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش يارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سوپۇندىن باشقىنى يەيدىغان.

مەنىسى: بۇ، قورسىقىغا ئامراق، يەيدىغان نەرسىنى ئىلغىمايدىغان ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سورا ـ سورا بىلىم ئاپتۇ، ئىزا تارتىپ كېيىن قاپتۇ.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن باشقىلاردىن سوراشنى نومۇس بىلمەسلىك لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇ ئاققان ئېرىقتا سۇ ئاقماي قالماس.

مەنىسى: بۇ، قولدىن كەتكەن بەخت ـ تەلەينىڭ قايتا قولغا كەلمەي قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇ بويىغا ئاپىرىپ، سۇغارماي ئېلىپ كېلىدىغان.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ تولىمۇ قۇۋ، ھىيلىگەرلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سۇدىن ئۆتۈپ لايدا تونغىلايدىغان.

مەنىسى: بۇ، پىچاق قاتارلىق كەسكۈچى تىغلارنىڭ ناھا-يىتى گاللىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سۇ كەلمەستىن بۇرۇن تۇغان سال.

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىش ئۈچۈن بەزىبىر زۆرۈرى ھا-زىرلىقلارنى قىلىپ قويۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، قۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ.

مەنىسى: بۇ، ئۆتۈپ كېتىدىغان ھال ۋە ۋەزىيەتكە ئىشى-نىش توغرا ئەمەسلىكىنى ياكى بولمىسا بىر ئىشنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئاخىر بىر كۈن ئاشكارا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئايىغىمۇ لاي بولىدۇ.

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئورگەن ياكى جەمئىيەت خادىملىرى-نىڭ ياخشى - يامان بولۇشى شۇ ئورگەن ياكى جەمئىيەتنىڭ بېشىدا بولغۇچىلارنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىغا باغلىق ئى-كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى

مەنىسى: بۇ، ئەجىر سىڭدۈرمەي قولغا كەلتۈرگەن نەر-سىلەرنىڭ ئوڭايلا قولدىن كېتىدىغانلىقىنى، يەنى ئاسان كەلگەن ئاسان كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق كولىغان بىلەر.

مەنىسى: بۇ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ قولغا كەلتۈرگەن نەر-

سىنىڭ قەدرىڭگە شۇ ئەجىر سىڭدۈرگۈچى يېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالماق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ بولۇش ئېھتىمالى يوق ئىكەن، ئۇنىڭغا ئالدىنئالا كىرىشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماق.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن بىرەر ۋەزىيەت يارىتىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەپ ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ ئۇخلار دۈشمەن ئۇخلىماس.**

مەنىسى: بۇ، دۈشمەن ھەرقاچان جىم ياتمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھوشيار تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇ ئېلىپ كەلگەن خار، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز.**

مەنىسى: بۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ خارلىنىپ، يامان ئىش قىلغۇچىنىڭ قەدىرلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئادەمنىڭ تۇغما خۇي - پەيلى زادى ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېپى ئۆزىدىن بولۇپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، ئوخشاشلىقنى، ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ سىرىق ئىتقا كىرىۋالماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا تولىمۇ قۇۋ، ھىيلىگەرلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ سىپسىق گۆشنى پىشۇن تاپار.**

مەنىسى: بۇ، بۇزۇقنى بۇزۇق تاپالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سىنىك ياشلىقىدىن ئۆتۈكۈمنىڭ باشلىقى ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، ھورۇن، ئىش خۇشياقمايدىغان، ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمايدىغان ياشلارنى تەنقىد قىلىش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدۇ.

**☜ سىرداشمىغان شەھەردىن سىرداشقان دۆڭ ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، ئەلمى - تەلمىنى بىلمىگەن نەرسىدىن، تونۇش بولغان نەرسىنىڭ قۇلاي بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن تاشقىرى، ئۆز يۇرت - ۋەتەنىنىڭ باشقىلارنىڭ ۋەتىنىدىن ئەزىز بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سىركىسى سۇ كۆتەرمەيدىغان.**

مەنىسى: بۇ، گەپ - سۆز كۆتۈرمەيدىغان نازۇك ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ سىزغان سىزىقتىن چىقماسلىق.**

مەنىسى: بۇ، بىرى، بىراۋنىڭ دېگىنىدىن، كۆرسەتمى-





سىدىن چىقماي ئىش كۆرىدىغانلىقىنى، يەنە بىرى، باشقا بىراۋغا بېقىندى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىقىپ سۈيىنى ئىچىدىغان (سىقىمىنىڭ تېشىنى يالايدىغان).**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىگە نەپ بەرمەيدىغان، بېخىل ـ پىخسىق ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**سىنىمىغان ئاتقا يۈك ئارتما.**

**مەنىسى:** بۇ، سىرداش بولمىغان ئادەملەرگە ئۆز سىرىنى ئېيتىش يارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سېخىينىڭ بەرگۈسى كەلسە، بېخىلنىڭ ئىچى ئاغرىپتۇ.**

**مەنىسى:** بۇ، پىخسىق، شەخسىيەتچى كىشىلەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ساپ ئادەم ھەقنى سۆزلەيدۇ، ناباپ ئادەم نەپنى كۆزلەيدۇ.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەردە سەمىمىيلىك، ساپ دىللىق ۋە ھەقنى ياقلايدىغان پەزىلەتنىڭ بولۇشىنى ئۈندەش مەنىسىدە كەلگەن.

**ساپال ئۈچۈن ساق قالغۇچە، گۆھەر ئۈچۈن كۆكۈم ـ تالقان بول.**

**مەنىسى:** بۇ، ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن ئەمەس، قىممىتى بار نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ساتقۇچىنىڭ سۆزى بار، ئالغۇچىنىڭ كۆزى بار.**

مەنىسى: بۇ، سودا - سېتىقتا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق دىتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ساختىپەزدە بەرىكەت يوق، زومىگەردە شەپقەت يوق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارا ساختىلىق ۋە كاززاپلىقنىڭ تولىمۇ زەرەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ساقلىنى ساتقان قېرىدىن ئەمگىكىنى ساتقان بالا ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ مېھنىتى بىلەن ياشىغانلارنىڭ ھۆرمەتكە ھامان لايىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ساقال ئۆچكىدىمۇ بار، بۇرۇت مۈشۈكتىمۇ بار.**

مەنىسى: بۇ، يىگىتلىك ۋە باتۇرلۇقنىڭ تاشقى قىياپەتتە ئەمەس، مۇھىمى سۆز - ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ساقال ئۆزى تۈك، ئىلىمسىز سەللە يۈك.**

مەنىسى: بۇ، بىلىم بىلەن كىشىدە سالاپەت ھازىرلىنىدىغانلىقىنى، بىلىمسىز كىشىدىكى سەللە يۈك، ساقال بولسا ئەرزىمەس تۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **ساقايمايدىغان بىراھەت يوق، خورىمايدىغان تاپاۋەت يوق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە سودىدا تېجەشلىك ۋە سەۋر -

تاقەتلىك بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ساقلىمىغا قارىما، ساغلاملىقىمىغا قارا، پىشمىغا قارىما، قىلـ-غان ئىشىمغا قارا.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە ئەمگەك قىلغاندىلا، ساغلام ياـ-شىغلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ساقلىمنىڭ ئىقى بار، باللىقىم تىخى بار.**

مەنىسى: بۇ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چوڭ بولۇپ قالـ-سىمۇ باللىق مىجەزىنى تاشلىمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ساڭا بىقىپ مەن، ئىشىككە بىقىپ دەم.**

مەنىسى: بۇ، سەن نېمە قىلساڭ، مەنمۇ شۇنى قىلىـ-مەن... ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەن مەنىدە.

**☜ ساڭا سۆز يوق. مۈشۈككە بەز يوق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋدىن خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭـ-غا گەپ قىلغۇسى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ سالام بەرمەك پەرز، ئىلىك ئالماق قەرز.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە سالام ـ سائەت قىلىش ۋە ئۇـ-نى ئىلىك ئېلىشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سالام قىلمىدى دېگەن، سالامسىزنىڭ كېپى.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلاردىن سالام تەمە قىلماي، ئاۋۋال

سالام قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۇرىدۇ.

☜ ساندا بار ساناقتا يوق، سانى بار، ساپاسى يوق.

مەنىسى: بۇ، ھەمكارلىقتا ئاندىن ساپا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سانىماي سەككىز دېمە.

مەنىسى: بۇ، ئەمەلىيەتنى بىلمەي تۇرۇپ، ھەركىمنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سايرىغاننىڭ ھەممىسى بۇلبۇل ئەمەس.

مەنىسى: بۇ، مەسىلىنىڭ شەكلىگە ئەمەس، مەزمۇنىغا قاراش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سايغا كىرسەڭ پادىچىدىن سورا، سۇغا كىرسەڭ كېمىچىدىن سورا.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، بىلمىگىنىڭنى شۇ ئىشنىڭ، شۇ كەسىپنىڭ ئەھلىدىن سورىغانلارنىڭ مەڭگۈ ئازمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سايمىنى ساز ئۇستامنىڭ مۇشەققىتى ئاز.

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىش قىلىشتا تەييارلىقنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ شۇ ئىشنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ساينىڭ تۈلكىسى كۆپ، خۇشامەتچىنىڭ كۈلكىسى كۆپ.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارغا بەك ھىجايماي ياكى كۈلكەم بار دەپ كۈلۈۋەرمەي، مەنا بىلەن كۈلۈشنىڭ ئەھمىيىتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سەپەردە يولداش كېرەك، ھەر ئىشتا قولداش كېرەك.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ھەمكارلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سەپەرگە چىقساڭ سەھەردە چىق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى قىلىشقا نىيەت باغلىغان ئىكەن، بالدۇر قىلىشنىڭ پايدىسى زور بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سەدىقە بالانى يەر، توۋا گۇناھنى يەر.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنىڭ گۇناھىغا توۋا قىلىشنىڭ ئۇنى تۈزىتىشنىڭ ساۋاب ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ سەراتاندا سۇغار، مىزاندا تېرى، مىزاندا تېرىمىساڭ تۇرۇپتۇر نېرى.**

مەنىسى: بۇ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا يەر تېرىش ۋە سۇغىرىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ سەكرىگەننى باس، يىقىلغاننى يۆلە.**

مەنىسى: بۇ، تېرىسىغا پاتماي كەتكەنلەرنى ئادەم قىل،

ئاجىزلارغا ياردەم قىل، دېگەن مەنىدە كەلگەن.

☜ سەن بۆرىنى ئايىساڭ، بۆرە سېنى بابلايدۇ.
مەنىسى: بۇ، دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىمدىللىك قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سەن تاش سانىساڭ، خەق قوم سانايدۇ.
مەنىسى: بۇ، باشقىلارنى ھەرگىز سەل چاغلىماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ «سەن» دېسە «سىز» دە، تاشلىسا ئىزدە.
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سەن سالۇر، مەن سالۇر ئاتقا ئوتنى كىم سالۇر؟
مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى قىلىشتا ھۆرۈنلۈق قىلىپ، بىر ـ بىرىگە بەس سېلىشنىڭ يامانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سەن مېنى كىشى دېسەڭ، يانچۇقۇمدا كىشمىشىم، سەن مېنى كىشى دېمىسەڭ، سېنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم.
مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلىگەندىلا، ئاندىن ئۆزگىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سەن ئۆزۈڭنى خان ئەيلىسەڭ، ھەر يەردە خان كىشى،

**سەن ئۆزۈڭنى خار ئەيلىسەڭ، ھەر يەردە خار كىشى.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سەن يالۋۇرۇپ ئۆتسەڭ، بالاڭ يىغلاپ ئۆتىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، بالىنى مەردانە، دادىل ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئاتا ـ ئانا ئۆزى دادىل، مەردانە ئادەم بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سەۋر ـ گۆھەر، سىر ـ ئالتۇن. يەنى سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتا سەۋرلىك بولۇشنىڭ پايدىسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سەۋردىن ئارتۇق غىزا يوق، رىزادىن ئارتۇق مۇكاپات يوق.**

مەنىسى: بۇ، سەۋر ـ تاقەتلىك ئادەمدىن ھەركىمنىڭ رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سودىگەرگە بوش كۆرۈندۈڭ، يەيدىغان گۆش كۆرۈندۈڭ.**

مەنىسى: بۇ، سودا ـ سېتىقتا بەل قويۇۋەتمەسلىك لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سورا ـ سورا بىلىم ئاپتۇ، ئۇيۇلا ـ كېيىن قاپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىلىم ئېلىشتا، ھەرگىزمۇ يۈزۈم چۈشۈپ كېتەرمۇ دەپ ئويلىماي، داۋاملىق تىرىشىش كېرەكلىكىنى

بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇ ئەكەلگەن خار، كوزا ئەكەلگەن ئەزىز.

مەنىسى: بۇ، ئىشلىگەننىڭ خارلىنىپ، ئىشلىمىگەننىڭ ئەزىزلىنىپ قالغانلىقىنى ئەيىبلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سۇ بەرمىگەنگە سۈت بەر.

مەنىسى: بۇ، يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىل دېگەن مەنىدە.

☜ سۇ بولمىسا ئاشلىق يوق، ئەل بولمىسا باشلىق يوق.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق باشلامچىنىڭ ئەلدىن چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇدىن ئاۋۋال توغان سال.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال تەييارلىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى، دىلىنى ئاغرىتىشنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سۇغا قانمىسا چۆل غېرىب، غاز ـ ئۆردەك قونمىسا كۆل غېرىب.



مەنىسى: بۇ تەمسىل ئادەمنىڭ قىممىتى كۆپ بىلەن يە-نى ئەل بىلەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**سۇنغان ئەينەك تۈزەلسىمۇ، سۇنغان كۆڭۈل تۈزەلمەس.**

مەنىسى: بۇ، زەربىگە ئۇچرىغان كۆڭۈلنىڭ ھەسرىتى ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا، كىشىلەرگە ئازار بەرمەسلىك لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنمايدىغان تۆمۈر يوق. ئۆچمەيدىغان كۆمۈر يوق.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق كۆڭۈللۈك چاغنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا قەدىر - قىممىتى بار ئىشنى قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنۇقتىن باشقىسى يۇقىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق يامان ئىشنىڭ تېز تارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىش قىلىشتا ئاۋۋال تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**سۇنىڭ سۈزۈكى ياخشى، گەپنىڭ تۈزۈكى ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، گەپ - سۆزدە تۈز ۋە سەممىي بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۇ ئىچكەن بۇلاققا تۈكۈرمە.
مەنىسى: بۇ، ياخشىلىقنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇما دېگەن مەنىدە كەلگەن.

☜ سۇ يوق دېگەن ھۇرۇنلۇق، قۇدۇق قازماق ئورۇنلۇق.
مەنىسى: بۇ، ئۈمىدۋار بولغاندىلا ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۆز دېسە لاپ ـ لاپ، ئىش دېسە ئالاتاغنىڭ ئارقىسىدىن تاپ.
مەنىسى: بۇ، قۇرۇق گەپ قىلماي، ئەمەلىي ئىش قىلىشنىڭ خاسىيىتى زور بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۆز قىلغان كۈمۈش بولسا، سۆز قىلمىغان ئالتۇن.
مەنىسى: بۇ، ئاز گەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى بەك چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سۆز كۆركى ماقال، ئەر كۆركى ساقال.
مەنىسى: بۇ، سۆزنى ماقال ـ تەمسىللەردەك قىسقا، مېغىزلىق قىلىشنىڭ بەك مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ سۆزلىگەندە كوت ـ كوت، ئىش قىلغاندا غوت ـ غوت.
مەنىسى: بۇ، ئىش خۇشياقماسلىقنىڭ يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن.
مەنىسى: بۇ، بىرەر يامان ئىشتىن ئىبرەت ياكى ساۋاق

ئېلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سۆزنىڭ پىششىقى ياخشى، ئاشنىڭ ئىسسىقى ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، سۆزنى مېغىزلىق ۋە ئورۇنلۇق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **سۆزى ھالال ـ نىيىتى ھارام.**

مەنىسى: بۇ، تىلى بىلەن دىلى بىر بولمىغان كىشىلەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **سۆلەت تۆكىدى، ھىممەت قايدا.**

مەنىسى: بۇ، سۆلەتۋازلىق ئۈچۈن بار ـ يوقىنى خەجلەپ بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **سېخىيغا ھاجىتىڭ چۈشسە خوپ دەيدۇ، بېخىلغا ھاجىتىڭ چۈشسە يوق دەيدۇ.**

مەنىسى: بۇ، بېخىل كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **سېكۇنت يول تالاشقان لەھەتكە بېرىپتۇ، مىنۇت يول بەرگەن بېكەتكە بېرىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، يول يۈرگەندە باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **سېنى بىر پىيالە چاي بىلەن كۈتكەن ئادەمنى قىرىق يىل ئېسىڭدە ساقلا.**

**مەنىسى:** بۇ، باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقى مەيلى كىچىك بولسۇن مەيلى ئىلگىرى بولغان بولسۇن، ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالما، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**☜ سېنىڭ ـ مېنىڭ دېگەن كۆڭۈل تارلىقى، نېرى يات ـ بېرى يات دېگەن ئورۇن تارلىقى.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەر ئارا كۆڭۈل تارلىقىنىڭ ناھايىتى يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سىرتى قارىدىن قورقما، ئىچى قارىدىن قورق.**

**مەنىسى:** بۇ، كۆڭلى قارا كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سىرتتىكى مىڭ دۈشمەندىن، ئۆيدىكى بىر دۈشمەن يامان.**

**مەنىسى:** بۇ، سىرتقى دۈشمەندىن ئىچكى دۈشمەننىڭ زىيىنى ھەممىدىن ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سىرداشمىغۇچە سىرىڭنى ئېيتما.**

**مەنىسى:** بۇ، باشقىلارنى پۇختا چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇلارغا سىر بېرىشنىڭ تولىمۇ ناچار ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ سىرنىڭ ساندۇقى كۆڭۈل، ئاچقۇچى تىل.**

**مەنىسى:** بۇ، دېمەك كۆڭۈلدىكى سىر تىل بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىڭمىگەن پولۇدىن سىڭگەن ئۇماچ ياخشى، مىننەتلىك ئېشتىن قورسىقىمنىڭ ئېچى ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، مىننەتلىك ئىشنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا كىشىلەرگە مىننەت قىلماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىڭشىلىكى يوق چاقچاق، ئاخىرى بولۇر جاق - جاق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى بىلمەي چاقچاق قىلماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىنالمىغان دوست چېقىلمىغان ياڭاق.**

مەنىسى: بۇ، دوستلۇقنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئۆزئارا چۈشىنىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىنالغان ياخشىدىن جاپا كەلمەس، ئەسكىدىن ۋاپا كەلمەس.**

مەنىسى: بۇ، ئىشەنچلىك دوستلۇقتىن ياخشىلىق كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**سىيىر سىلىغاننى بىلمەس، يامان ئايىغاننى بىلمەس.**

مەنىسى: بۇ، يامان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئايىسا، مەندىن قورقۇپتۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ، شۇڭا، ئۇلارنى ئاياپ ئولتۇرماسلىق كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## ش

☜ **شارابقا قاندىم، پاتاققا قالدىم.**

مەنىسى: بۇ، مەي ـ شارابنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان دەرد ـ ھەسرىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **شامال چىقار قويۇن بىلەن، جېدەل چىقار تويۇن بىلەن.**

مەنىسى: بۇ، كۆپىنچە تويۇن ـ چاقچاقتىن جاق ـ جاق چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ بىرەر سەۋەبى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **شامالدا ئىز يوق، تۆھمەتخوردا يۈز.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە تۆھمەت قىلغۇچىنىڭ نومۇسسىز بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا رەھىمدىل بولماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **شامالنىڭ سايىسى يوق، ئۈمىدسىزنىڭ غايىسى يوق.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىش قىلىشتا ئۈمىدۋار بولۇش-

نىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەپقەتسىز چىرايلىق بولغۇچە، مېھرىبان سەت بول.**

مەنىسى: بۇ، تاشقى قىياپەتتە گۈزەل بولغاندىن كۆرە، قەلبى گۈزەل ئادەم بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەرم ـ ھايا ئىمان بىلەن، ئۆي بەرىكىتى مېھمان بىلەن.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ شەرم ـ ھايالىق بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**شەرىئەت قىلىچتىن ئىتتىك، قىلدىن ئىنچىكە.**

مەنىسى: بۇ، شەرىئەت يەنى قانۇننىڭ قىلىچتەك كېسىدىغانلىقىنى، مەسىلىنى ئىنچىكە ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شەيتاننىڭ شەيتانلىقىدىن، ئادەمنىڭ شەيتانلىقى يامان.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم پەزىلەتلىك بولمىسا، ئۇنىڭ قىلىدىن يامانلىق كېلىدىغانلىقىنى، ئۇ بۇجەھەتتە شەيتاندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**شىردەك غەيرەتكە چۈمۈلىدەك تاقەت كېرەك.**

مەنىسى: بۇ، كۈچۈم بار دېمە، سەۋر ـ تاقەتلىك بولمىساڭ، ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن دېگەن مەنىدە.

**شىرنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىنى يەڭگەن چېغى ھەممىدىن

باتۇر ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ شىلامپىلىق قىلغۇچە تىلەمچىلىك قىل.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر يىرگىنىدىغان يامان ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ شاختىن ـ شاخقا قونماق.

مەنىسى: بۇ، بىقارارلىقنى، يەنى بىر ئىشتىن، بىر پىد-كىردىن يەنە بىر ئىش، پىكىرگە ئۆتۈۋېرىدىغان ئادەملەرنى سۆ-پەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ، ۋەقەنىڭ پەيدا بو-لۇشى ئۈچۈن بىرەر سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ شامالنىڭ ئالدى قويۇن، بېدەلنىڭ ئالدى تويۇن.

مەنىسى: بۇ، ئورۇنسىز ھەم چەكتىن ئاشقان چاقچاق بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ شەپەرەڭ يورۇقلۇقتىن قاچقاندەك.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ھەقىقەتتىن قورقىدىغان ياكى قاچىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ شەيتانغا دەرس بېرىدىغان (شەيتانغا نۇقتا سالىدىغان).

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئىنتايىن ھىيلىگەرلىكىنى

بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ۋەسۋەسىگە، ئازدۇرۇشىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

# غ

☜ **غادايغانغا غاداي، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە، ئېگىلگەنگە ئېگىل، بېشىڭ يەرگە يەتكۈچە.**

مەنىسى: بۇ، ياخشىغا ياخشى، يامانغا يامان مۇئامىلە قىلىشنىڭ نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **غەلىبە تېز يۈگۈرگەننىڭ ئەمەس، زېرىكمەي يۈگۈرگەننىڭ.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى ئاخىرغىچە تېرىكمەي قىلالايدىغان سەۋرچانلىقنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **غەلىبە قاپماس كۆڭۈل قويغان كىشىدىن، ئالار ھوسۇل ئەجىر قىلغان ئىشىدىن.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىش قىلىشتا كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل قىلىشنىڭ تولىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **غەلىبىدىن كېيىن قەھرىمان كۆپ.**

مەنىسى: بۇ، ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ھەممىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **غەيرەت قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ.**

مەنىسى: بۇ، ئەمگەك قىلغان بىلەن بىر مىننەت قىلسا، ئۇنداق ئەمگەكنىڭ قەدىرى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **غەيۋەتخور دەپ تويماس، ئاچ كۆز يەپ تويماس.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەرنىڭ ئاچ كۆز ۋە غەيۋەتخوردىن ئىبارەت يامان ئىللەتلەردىن مەڭگۈ يىراق تۇرۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **غوجام ئەته بىلەن، خېنىم پەته بىلەن.**

مەنىسى: بۇ، ھۆرۈن بەگ ـ غوجاملارنىڭ كۈنىنىڭ مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **غورا غورىنى كۆرسە ئالا بولۇپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ قىلغان ئىشىنى دورايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كەينىدىن قالغۇسى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **غۇلاپىقا چىداپ غىرىچقا چىدىماپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ئەڭ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **غىزايىڭ غايىبتىن ئەمەس، مېھنەتتىن.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ھۇزۇر ـ ھالاۋەت پەقەت ئەمگەكتىن كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **غىلجىڭنى ئەزمە يېڭەر، ئەزمىنى بەزمە يېڭەر.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنى تۈزەشنىڭ تەدبىرى بو-

لىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ غېمى كۆپنىڭ بېشى پەس، بىلمىسىزنىڭ كۆڭلى تەس.**

**مەنىسى:** بۇ، بىلىم ئېلىشنىڭ بەكمۇ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ غۇلپىي تۆكەپ غېرىپى قالماق.**

**مەنىسى:** بۇ، قىلىنۋاتقان ئىشنىڭ ياكى ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمى تۆگەپ ئازلا بىر قىسمى قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ غۇلپىغا پىداپ غېرىپىغا پىدىماسلىق.**

**مەنىسى:** بۇ، بىر ئىشنىڭ ئېغىر ياكى كۆپ قىسمى تۆ-گەپ، ئاز ياكى ئاسان قىسمى قالغاندا بەرداشلىق بېرەلمىگەن-لىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ غىدىقلاپ باقماق (كۆرمەك).**

**مەنىسى:** بۇ، تومۇرىنى تۇتۇپ باقماق، چېكىپ باقماق دېگەن مەنىدە.

**☜ غىدىقىنى كەلتۈرمەك.**

**مەنىسى:** بۇ، ئادەمگە يات تۇيۇلىدىغان سۆز ياكى ھەرد-كەت بىلەن باشقىلارغا يامان تەسىر بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ غانجۇغىدا كۆرۈشمەك.**

مەنىسى: بۇ، يەنە دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆلگەندىلا روھىمىز كۆرۈشەر، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# ق

**قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك.**

مەنىسى: بۇ، كۈلكە ئاۋازىنىڭ سەت، يېقىمسىزلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**قارىغۇنىڭ چاپاق ئادىتى بار.**

مەنىسى: بۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا خىلى (لايىقى) بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس.**

مەنىسى: بۇ، يېڭى ئەھۋالغا، يېڭى شارائىتقا ۋە مۇھىتقا ماسلىشىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىغۇنى ياردا (تار يەردە) قىستىماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ قىيىن ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بىر ئىشقا زورلىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار.**

مەنىسى: بۇ، يامان ـ ئەسكى ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ كاساپىتىگە كېتىدىغانلىقنى

بىلدۈرىدۇ.

☜ قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ.

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇشنىڭ پاراۋانلىقتا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ قاسساپقا ماي قايغۇسى، ئۆچكىگە جان قايغۇسى.

مەنىسى: بۇ، باشقا بىرسىنىڭ چوڭ زەرەرى ھېسابىغا ئۆزى ئۈچۈن كىچىك بىر مەنپەئەتنى كۆزلىگەنلىكىنى بىلدۈ-رىدۇ.

☜ قاشقا سانىساڭ كۆزگە، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە.

مەنىسى: بۇ، كىشى ئۈچۈن يامانلىق ئويلاش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزى ئۈچۈن زەرەر كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق.

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە چىرايلىق، قۇسۇرسىز كۆرۈنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قاغا بىلەن دوست بولساڭ يېيىشىڭ پوق.

مەنىسى: بۇ، يامان ـ ئەسكى ئادەملەر بىلەن بىللە بول-غاندا، ئۇلارنىڭ كاساپىتىگە كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرى-دۇ.

☜ قاغا پوق يېمەستە.

مەنىسى: بۇ، ۋاقىتنىڭ بەك ئەتىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قاغا كەكلىكنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ ئۆز مېڭىشىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، دورامچىلىق قىلىپ كۈلكىگە قالىدىغانلىقـ نى بىلدۈرىدۇ.

**قاغىدا ئىلىشىك بولسا بىر كۈنى ئالارسەن.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا بېرىلگەن ئۆتنە ـ يېرىمنى قاچانلا بولسا ئالغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھەر ئادەم ئۆز قولىدىن كېلىدىغاننى كۆرـ سىتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قالپاقتا تۇشلۇق قىرغىز يوق.**

مەنىسى: بۇ، نام ـ ئاتاقتا تۇشلۇق بىرەر مەزمۇن يوقـ لۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قالغان ئىشقا قار ياغار.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلەپ تۈگىتىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە، تۇۋرا تېشەر.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشقا كىرىشمەك، ئادەتلەنمەكنىڭ تەسلىكىنى، كىرىشكەن ۋە ئادەتلەنگەندىن كېيىن ئاشۇرۇۋېتىش كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلىپ قالماق.**

مەنىسى: بۇ، كامالەتكە يېتىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **قان بىلەن كۆشتەك بولۇپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن يېقىنلىقىنى بىلـ ـدۈرىدۇ.

☞ **قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس.**

مەنىسى: بۇ، يامانلىقنى يامانلىق بىلەن ھەل قىلىشقا ئۇرۇنماسلىقتا، پەقەت يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن ھەل قىلىشـ ـقا ئۈندەيدۇ.

☞ **قايسى يۈز بىلەن قارىغۇلۇق.**

مەنىسى: بۇ، ئىنتايىن قاتتىق خىجالەتچىلىكتە قالغانـ ـلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **قايناق سۇ ئىچىپ، كۆڭۈل تىنىپ.**

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك.**

مەنىسى: بۇ، قىزغىن كېتىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بىردىن توختاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.



**☜ قورساقنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقماس.**

مەنىسى: بۇ، مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشتىن قورقىدىغان بىر يېرى بولمىسا، خۇدۇكسىنىش ۋە قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**☜ قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان.**

مەنىسى: بۇ، سىر ساقلاشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۈ- چۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ قورسىقىدا ئومىچى بار.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ بىلىمى بارلىقىنى، كۆپ نەرسە بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قورسىقىنى يارسا ئېلىپىنىڭ سۇنىقىمۇ چىقمايدىغان.**

مەنىسى: بۇ، خەت ـ ساۋاتى يوق، تازا قارا تۇرۇك ئا- دەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ قوشتىن چىقىرىپ سايانغا، سايىدىن چىقىرىپ قوشقا سالماق.**

مەنىسى: بۇ، ئارام ئېلىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەي، ئۇزۇل- دۇرمەي ئىشلەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قوغۇن پىشسا، سايىقىدا تۇرماس.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەر قېرىغان ئىكەن، ئۇنىڭ بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا تەمسىل قىلىنىدۇ.

☞ قولغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەسلىك.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ باشقا بىراۋغا نىسبەتەن ئىقتىدار ۋە ماھارەت جەھەتتە ئاجىز ۋە چولتا ئىكەنلىكىنى، يەنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ قولغا قول ـ پۇتقا پۇت بولماق.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ باشقا بىراۋغا بىرەر ئىشتا كۆچ ـ لۈك ياردەمچى بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ قولنىڭ قايسىسىنى چىشلىسە ئاغرىيدۇ.

مەنىسى: بۇ، ئىككى ئوتتۇرىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي، قالغانلىقىنى، تەرەپلەرنىڭ بىرىگە يان باسسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ قولنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يەتمەك.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئىـ ـ كەنلىكىنى، پۇل بىلەن نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ قولنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرماق.

مەنىسى: بۇ، بىرى ئۆز ئەيىب ـ كەمچىلىكىنى ئۈستىـ ـ گە ئېلىپ ئەپۇ سورىغانلىقىنى، يەنە بىرى، بىراۋنىڭ ئىز ـ زەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئەدەپ ساقلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق.

مەنىسى: بۇ، قولغا كەلتۈرەلمىگەن نەرسىنى يامان قىـ ـ

لىپ كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجۇڭغا.**

**مەنىسى:** بۇ، سەندە بىر نەرسە بولىدىكەن، ئۇ ئەتراپىڭ-دىكى باشقىلارغا ياردىمى بولىدۇ، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ **قوينى قاسساپ سويسۇن.**

**مەنىسى:** بۇ، ھەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى قىلسۇن، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ **قورۇق تاغار ئۆرە بولماس.**

**مەنىسى:** بۇ، بىر ساھەدە بىرەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرى-شىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇ ساھەدە بىلىمگە ئىگە بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قورۇق ھارۋىنى ئېلىپ قاچماق.**

**مەنىسى:** بۇ، ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئىش ياكى نەرسە ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە ماختانغانلىقنى، داۋراڭ سالغان-لىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قورۇق ئۆستەڭگە مىراب بولماق.**

**مەنىسى:** بۇ، ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغان بىر ئىشقا باشچىلىق قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قوپچاقتىن قورققان تېرىق تېرىماس.**

**مەنىسى:** بۇ، بىر نەرسىدىن مۇداپىئە قىلىشنى ئالدىن

بىلىش كېرەك، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ **قۇشناچىمنىڭ ئىشنى ئوخشاتقان موللىكامنىڭ ئوتىيىشى.**
مەنىسى: بۇ، بىر نەرسىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ھەر تەرەپلىمە شارائىتقا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قۇۋ تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار (تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار).**
مەنىسى: بۇنىڭغا مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر مىسال بولالايدۇ.

☜ **بەزىلەر يوللۇق بولۇشقا ئۈندىگەن،**
**ئىلىنار قۇۋ تۈلكە تۇمشۇقتىن دېگەن.**
**ئەمما مەن پەسكەش ھاياتقا دەندىگەن.**
**ئەگرى يولدىن يانمىغان بايۋەچچىمەن.**
**قۇيقا چىپچى تىك (ئۆرە) تۇرۇپ كەتمەك.**
مەنىسى: بۇ، قاتتىق غەزەپكە كەلگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى، تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى.**
مەنىسى: بۇ، جىنايەت ئۆتكۈزگەن قۇتۇلۇپ كېتىپ، شۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمىغان بىرسىنىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قىرىغاندا قىرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق.**
مەنىسى: بۇ، ئۆزى ياشانغان بولسىمۇ، ئەمما قىلىقلىرى ياشلارغا خاس ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ قېرىنداشتىن قارىنىم يانتىشى.

مەنىسى: بۇ، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلاپ، باشقىلارنى ئويلىمايدىغان ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ قېرى كەلسە ئاشقا، ياش كەلسە ئىشقا.

مەنىسى: بۇ، ياشلارنىڭ، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى بارلارنىڭ ئىشتىن قاچماسلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

☜ قېرىنىڭ ئۆلۈكىنى ھەپتە ساقلا، سۆزىنى قاپتا ساقلا.

مەنىسى: بۇ، ياشانغانلارنى ئىززەت - ھۆرمەت قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئوبدان ئۆگىنىۋېلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىلىچ ئۆز قىنىنى كەسمەس.

مەنىسى: بۇ، ئۆز ئادەملىرىگە، ئۆز يېقىنلىرىغا زەرەر يەتكۈزمەسلىك كېرەك دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ قىزىم ساڭا ئېيتاي كېلىنىم سەن ئاڭلا.

مەنىسى: بۇ، سۆزنى توغرىدىن - توغرا دېمەي، ئەگىتىپ - دارىتمىلاپ قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىش غېمىنى يازدا يە.

مەنىسى: بۇ، ئالدىنئالا ھازىرلىق بولغاندا، ۋاقتى كەلگەندە تەمتىرەپ قالمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىشنىڭ كۆزى قارىغۇ.

مەنىسى: بۇ، سوغۇقنىڭ كىيىم ئىلغىمايدىغانلىقىنى، ئەسكى ـ تۇسكى كىيىم بولسىمۇ، بەدەننى سوغۇقتىن ئىسسىق ساقلاپ بەرسىلا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىش ئۆپىقى تار، قوپ تۆيۈكگە بار.

مەنىسى: بۇ، قىش كۈنلىرى باشقا بىراۋنى ئاۋارە قىلىش ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىغىر ئولتۇرساڭمۇ تۈز سۆزلە.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى سەمىمىي بولۇشقا، توغرا سۆز ـ لۈك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

☜ قىغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ مەلۇم بولۇر.

مەنىسى: بۇ، خاتالىق ۋە جىنايەتنى ئۇزۇن مۇددەت يو ـ شۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىلنى قىرىققا يارماق.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ ئىشلەش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ

☜ قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل.

مەنىسى: بۇ، قىممىتى يۇقىرى نەرسىنى پاخاللاشتۇرغان ئەھۋالنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**☜ قاپقىدىن قار يېغىپتۇ، كىرپىكىدىن مۇز يېغىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ بىر كىمنى تازا قېتىغا ئالماي، يەكلىگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ قاپقى ياماندىن قورققۇچە، غەرىزى ياماندىن قورق.**

مەنىسى: بۇ، مەسىلىنى تاشقى شەكىل ـ قىياپەت بويىچە ئەمەس، ماھىيىتى بويىچە كۆزىتىشنى ۋە ھەل قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قاتاردىن قالغۇچە، ھاتادىن قال.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ھەمكارلىشىشنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قاتتىق گەپ قىلساڭ قېتىۋالىدۇ، يۇمشاق گەپ قىلساڭ يېتىۋالىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرى خىلمۇخىل بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قاپان بولغان تۈزۈمدەك، قاراپ تۇرغان كۆزۈمدەك.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىشنى قىلىشتا، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قاپقانىنى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ.**

مەنىسى: بۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق دوست تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قاراپ تۇرغاندىن قورقماي. ماراپ تۇرغاندىن قورق.

مەنىسى: بۇ، ھىيلىگەر، كاززاپ دۇشمەن سىياق كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قارا دېمەك كۆمۈرنى، ئېرىتىدۇ تۆمۈرنى.

مەنىسى: بۇ، پەقەت شەيئىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپلا باھا بېرىشنىڭ تولىمۇ خاتا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قارا قاغا قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ غېمىنى يەنە بىراۋ قىلىپ يۈرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قاراي دېسەم يالماۋۇز بالام، قارىماي دېسەم يالغۇز بالام.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئۆز بالىسىنىڭ قىلىقىنىڭ سەتلىكىنى سۆيەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ قارچىغا كۆشنى دەپ تورغا چۈشىدۇ.

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ئۆز نەپسىنى دەپ كۆپرەك خاتالىققا يول قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قارغىشتىن قورقما، ھەقتىن قورق.

مەنىسى: بۇ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قاغىنىڭ قارىسىنى بىلىپ بولماس، ئادەمنىڭ ئالىسىنى بىلىپ بولماس.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ نىيىتى ـ كۆڭلىنى بىلىش ـ نىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قار كۆپىدۇ، تاغ قالىدۇ، كۆلچان تۆپىدۇ، چوڭ قالىدۇ.

مەنىسى: بۇ، بەزى نەرسىلەرنىڭ پەقەتلا ۋاقىتلىق بولىـ دىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ قارلىغاچ پەس ئۇچسا، يەرگە يامغۇر چۈشەر.

مەنىسى: بۇ، تەجرىبىدىن بارلىققا كەلگەن ئاتىلار سۆزى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىدىغان ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان. ئەمەلىيەتتە، قارلىغاچلار پەس ئۇچقان چاغدا، يامغۇر راستىنلا ياغىدۇ...

☜ قارنىڭ بېشىنى قار يەيدۇ يېغىپ تۇرۇپ، ياۋنىڭ بېشىنى ياۋ يەيدۇ چېپىپ تۇرۇپ.

مەنىسى: بۇ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەمەلىيەتتە سىرلىق بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قارنىم ئۈچۈن يىغلىمايمەن، قەدرىم ئۈچۈن يىغلايمەن.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئۈچۈن قەدىر ـ قىممەتنىڭ بەك ـ مۇ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قارىغۇدىن يول سورىما، بېخىلدىن پۇل سورىما.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى بېخىل، نامەرد بولماسلىققا ئۈندەيدۇ.

☜ **قارىغۇنىڭ تىلىكى ئىككى كۆز، گاچىنىڭ تىلىكى بىر ئېغىز سۆز.**

مەنىسى: بۇ، ھەر بىر كاللىدا ئوخشىمىغان خىيال ياكى ئارزۇ ـ تىلەك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قارىما كىشىنىڭ كۆزىگە، قارا كىشىنىڭ سۆزىگە.**

مەنىسى: بۇ، كىشىنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، سۆز ـ ھەرىكىتىگە، ئىشىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، كۆپىنچە بىراۋنىڭ زادى قانچىلىك بىلىمى بارلىقىنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ **قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆت.**

مەنىسى: بۇ، ھەممە يەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قاغا بالام ئاپئاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق.**

مەنىسى: بۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز بالىسى قانچىلىك كەمچىلىكى بولسۇن، كۆزىگە قىلچە كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

☜ **قاغىنىڭ ئېقى يوق، ياخشىلىقنىڭ چېكى يوق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قالغان ئىشقا قار ياغار.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قايسى تاغقا بارساڭ شۇ تاغنىڭ ناخشىسىنى ئېيت.**

مەنىسى: بۇ، قانداق جايغا بارساڭ بار، ئەمما شۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىل، دېگەن مەنىدە.

**قەرزدارلىق بەك يامان بىر پۇل بولسىمۇ، مۇساپىرلىق بەك يامان بىر كۈن بولسىمۇ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەردىن ئالغان ئۆتنە ـ يېرىمنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قەلبى ئۆلۈك دوزاخقا كىرەر.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك تەرىپى ئۇلارنىڭ قەلبى ۋە يۈرىكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوتاندا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېتىزدا ئوتى ئۈنۈپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بالا كۆپ بولسا، باقالمايمەن دېمە، ئۇنىڭ رىسقى ئۆزى بىلەن تەڭ تۇغۇلىدۇ، دېگەن مەنىدە.

**قورساق ئاغرىقىڭ بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ باشقىلارنىڭ كەمچىلىك ـ خاتالىقى بار ـ يوقلۇقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمىسا بۆلەك بول.

مەنىسى: بۇ، قوشنىلارنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشىنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قول سۇنسا يەڭ ئېچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىش يۈز بەرسە قەتئىي سىرنى ساقلاش، ئۆيدىكى سەتچىلىكنى باشقىلاردىن يوشۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قولنى قول يۇيسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇ.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ساۋابىنىڭ زورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قولۇڭدىن كەلگەن ئىشنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرمە.

مەنىسى: بۇ، ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا چاپسان قىلىشنىڭ پايدىسى كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قولى گۈل ئېتىدۇ ئىزا، قولى گال تارتىدۇ ئىزا.

مەنىسى: بۇ، ئىشچان ۋە ھۈنەرلىك بولۇشنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قولى ئوچۇقنىڭ قوغى ئوچۇق، كۆڭلى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە سەمىمىي، تۈز مۇئامىلە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى كەمسىتىشتە، يامان كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ قوينۇڭغا تۆكۈلسە، قونجۇڭغا چۈشەر.

مەنىسى: بۇ، كۆپىنچە يېقىن كىشىلەرنىڭ پايدا ئالغانلىقىنى سۆيەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ قوينى قاسساپ سويسۇن، ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن.

مەنىسى: بۇ، ھەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى قىلسۇن دېگەن مەنىدە.

☜ قوينى شاپاققا زورلىما، مېھماننى ئاشقا زورلىما.

مەنىسى: بۇ، ئادەملەرنى خىجالەتچىلىككە قالدۇرماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قوي يېمەيدىغان بۆرە يوق.

مەنىسى: بۇ، نۇرغۇن مالنى بىر تاياقتا ھەيدىگەندەك ھەممە ئادەمدە بىر ئىللەتنىڭ بارلىقىنى سۆيەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ قۇرئان بىر، تەپسىرى مىڭ.

مەنىسى: بۇ، ھەقىقەت بىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى چۈشىنىشنىڭ ھەر خىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قۇرۇق كېپەكە مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي شەرتىنىڭ

مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قۇرۇق پىلەك تاراقشىيدۇ، بىلىمسىز ئادەم ۋالاقشىيدۇ.**
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

☜ **قۇيقاپتەك ۋىپىرلىغۇچە، پومىلدەك مىدىرلىغىن.**
مەنىسى: بۇ، ئاز گەپ قىلىپ، كۆپرەك ئىشلەشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قۇيقاپقا ناۋات بەرسەڭ تەمىنى بىلمەس، يامانغا ياخشىلىق قىلساڭ قەدرىنى بىلمەس.**
مەنىسى: بۇ، ياخشىلىقنىمۇ قەدىر ـ قىممەتنى بىلگەنگە قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئاڭلىغان يالغان، كۆز كۆرگەن راست.**
مەنىسى: بۇ، ئەمەلىيەتنى يەنىلا ئاساس قىلىشنىڭ مۇ-ھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قولدەك ئىشلە بەگدەك يە.**
مەنىسى: بۇ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ ئىش ـ ئەمگەكتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **قولىقى تۇرۇپ گاس، تىلى تۇرۇپ گاچا.**
مەنىسى: بۇ، ئۆزىدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقنى ئىشقا سالمىغانلىقنى سۆكەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ قوم ـ شېغىل تاش بولۇر، قىشقىر ئىش پاش بولۇر.**
مەنىسى: بۇ، خاتالىقنى يوشۇرۇپ قالدىم دېگەنبىلەن بىر كۈنى پاش بولۇش ئاقىۋىتىدىن خالىي بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قومغا يامغۇر كار قىلماس، قاغىبالىمغا گەپ كار قىلماس.**
مەنىسى: بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن نومۇسسىز ئادەملەرگە گەپ ـ سۆز تەسىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قوملۇق يەرگە شاپتۇل تىكىپ باغ قىلما، مېۋە كۆرمەي يۈرىكىڭنى داغ قىلما.**
مەنىسى: بۇ، باغۋەنچىلىك تەجرىبىسى بايان قىلىنغان ئاتىلار سۆزى بولۇپ، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى قوملۇق جايغا تىكىشنىڭ ئاۋارىچىلىكى كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قۇياش بىلەن سايە پەيدا، قاراش بىلەن غايە پەيدا.**
مەنىسى: بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممەتلىك قاراشلارغا تولىمۇ مۇھتاجلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ قۇياش تاغنى يورۇتار، كىتاب ئاڭنى يورۇتار.**
مەنىسى: بۇ، كىتاب ئىنسانىيەت ئېڭىنىڭ بوز يېرىنى ئاچىدىغان تەپەككۇر قورالى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قول ئات مىنسە چىقمايدىغان دۆڭى قالماس، دېدەك مونچاق تاقسا كىرمەيدىغان ئۆيى قالماس.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئەزەلدىن كۆرۈپ ۋە ئېرىشىپ باقمىغان نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ قۇۋ تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار.

مەنىسى: بۇ، قۇۋ ـ ھىيلىگەر كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى شەرمەندە بولۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىپتۇ.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، كاززاپلىق قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ قېتىق بولسىمۇ پۈۋلەپ ئىچ.

مەنىسى: بۇ، ئېھتىياتچان بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قېتىق تاپسام نان يوق، نان تاپسام قېتىق يوق.

مەنىسى: بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ھامان توققۇزى تەل بولۇپ ياشىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قېرىغاندا يۆتەل تۇتار، ھورۇنغا كېسەل يۇقار.

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن ئىش ـ ئەمگەك قىلىشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرى كالىنى قاسساپقا بەر، كاسات مالنى كاززاپقا بەر.**

مەنىسى: بۇ، ئۆتمەس مالنى ئۆتكۈزۈشنىڭمۇ ئامالى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرىنداشنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى بولماس.**

مەنىسى: بۇ، قېرىنداشلىق ۋە تۇغقانچىلىق ئارىسىدىكى ئاز - تولا سۈركىلىشنىڭ ئۇلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى نابۇت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قاراپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ باللار ئۈچۈن بەكرەك مېھىر - مۇھەببىتىنى بېرىۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**قېرىنىڭ زىننىتى ساقال، كەپنىڭ زىننىتى ماقال.**

مەنىسى: بۇ، گەپ - سۆزنى قىسقا ھەم مېغىزلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرىنىڭ چىشى يوق تۆشكە ئامراق، مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق.**

مەنىسى: بۇ، مادارى بولمىسىمۇ، ئارزۇ - تىلىكى زور ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**قېرىنىڭ كۆزى ياشتا، ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا.**

مەنىسى: بۇ، كىم نېمىگە موھتاج بولسا، شۇنىڭغا قارايدىغانلىقىنى، شۇنىڭغا دىققىتىنى بۇرايدىغانلىقىنى بىلدۇ-

رىدۇ.

☜ قىچقارسا «ھە» دەپ قويۇڭ، سورىسا «بار» دەپ قويۇڭ.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆتۈشنىڭ مۇھىم-لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىزنىڭنى نومۇسچان قىل، ئوغلۇڭنى تىرىشچان قىل.

مەنىسى: بۇ، پەرزەنت تەربىيىسىدىكى مۇھىم تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستە ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ.

☜ قىزىلچىنى قەنت قىلغان ھۈنەر بىلەن پەن.

مەنىسى: بۇ، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ قولىدىن ھەممە نەر-سە كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىزىل كۆزدىن ۋاپا كەلمەس، قوي كۆزدىن جاپا كەلمەس.

مەنىسى: بۇماقال، كىشىلەرنىڭ سەمىمىي، راستچىل بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىزىمىغان كاڭدىن كات ياخشى، كۆيۈمى يوق تۇغقاندىن يات ياخشى.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارىسىكى مۇھىم نەرسە: كۆيۈم-چانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ قىش غېمىنى يازدا قىل، قىشتا غەمنى ئاز قىل.

مەنىسى: بۇ، ئىش قىلىشتىن بۇرۇن، پۇختا تەييارلىق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **قىشنىڭ يارىشىقى ـ ئوت بىلەن ئوتۇن، تۆينىڭ يارىشىقى ـ ئەر بىلەن خوتۇن.**

مەنىسى: بۇ، ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ ئائىلىنىڭ يارىشىقى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **قىلىچ كۆتۈرۈپ چاپقاندىن قورقما، پارا بېرىپ چاققاندىن قورق.**

مەنىسى: بۇ، پارا بەرگۈچىلەر بىلەن چېقىمچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ چاياندىنمۇ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **قىممىتى يوق مال بولماس.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر تاۋارنىڭ ئۆزىگە خاس رولى ۋە قىممىتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **قىيام قىلماي ناۋات بولماس، تەر تۆكمەي ئاۋات بولماس.**

مەنىسى: بۇ، تەر ۋە مېھنەت ئارقىلىق ئاندىن گۈزەل نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **قىيىنچىلىق ـ قورقۇنچاقنىڭ يۈكى، باتۇر ئۈچۈن توخۇنىڭ تۈكى.**

مەنىسى: بۇ، قىيىنچىلىقنى يەڭگۈچىلەرنىڭ ھەقىقىي باتۇر سانىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشتا كۆڭۈل قويغان ئادەمنىڭ روناق تاپىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## ك

☜ كاتاڭ يول ئاتنى سىنايدۇ، مۇشەققەت مەردنى سىنايدۇ.
مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت جەريانىدا پىشىپ يېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كادىر بولساڭ سىلىق بول، سۇغا كىرسەڭ بىلىق بول.
مەنىسى: بۇ، ئاممىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادەمنىڭ چىقىشقاق، يېقىشلىق بولۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كادىر ياماندىن قورقىدۇ، كەتمەن ساماندىن قورقىدۇ.
مەنىسى: بۇ، ياماندىن ھەممىسى قورۇنىدىغانلىقىنى، قاچىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كارزاپ تونۇۋا قىلار قازا يەتكەندە، نادان سودا قىلار بازار كەتكەندە.
مەنىسى: بۇ، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى بولىدىغانلىقىنى، ۋاقتنى ھەرگىزمۇ قولدىن بېرىپ قويماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كالائغا كۆڭۈل بۆلگۈچە بالائغا كۆڭۈل بۆل.
مەنىسى: بۇ، بالا تەربىيىسىنىڭ بارلىق ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كالىنى ياخشى كۆرسەڭ باغلا، بالىنى ياخشى كۆر-سەڭ باشلا.**

مەنىسى: بۇ، بالىغا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈ-كىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كالا گۆشى سوغۇق، تۆپكە گۆشى قوقاق، خۇدا بەندەم دېسەڭ، قوينىڭ گۆشىدە باق.**

مەنىسى: بۇ، ئۇ يامان، بۇ ياخشى دېمەي، ھەر خىل يې-مەكلىكنىڭ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتۇپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، قاتتىق سەۋرچان بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ «كالا» دېسە «پاپاق» دەپتۇ، «پىششۇرۇپ بېرەي» دېسە، «خام يەيمەن» دەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، پىكىر ياكى قاراشنىڭ بىردەك بولمىغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كالا مىڭدە، ئەقىل بىردە.**

مەنىسى: بۇ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كالىنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە، خورازنىڭ تاجىسى بول.**

مەنىسى: بۇ، كىچىك بولسىمۇ خوجايىن بولۇشنىڭ شە-

رەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كالىنىڭ مۈشكۈزىگە ئۇرسا، تۇۋتىقى سىرقىرار.**

مەنىسى: بۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلار بىرەر يېشـ كەللىككە ئۇچرىسا، كۆڭۈل يېرىم بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كاۋا پۇل ئەمەس، بارالڭ پۇل.**

مەنىسى: بۇ، قىممىتى بار نەرسىلەرنىڭ پاخاللىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **كاۋا ئىچىدە ئۆسسەڭ يۇمۇلاق بولۇرسەن، تەرخەمەك ئىچىـ دە ئۆسسەڭ ئۇزۇنچاق بولۇرسەن.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە شەرت ـ شارائىتنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كەپتەرۋاز تۇتسام دەيدۇ، قىمارۋاز ئۇتسام دەيدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھەر بىر كەسىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگەرـ مەس ئادەت كۈچى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كەپتەر ئىككى قانىتى تۇرۇپ دانغا ئۆگىنىدۇ، ئادەم نەپ بولسىلا خانغا ئۆگىنىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئۈچۈن ھەممىدىن تەسكە چۈشىـ دىغىنى ئۇلارنىڭ نەپسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كەتمەن چاپقان بىلگىدە يەپتۇ، تۇشىدا ياتقان گىردە يەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئىشچاننىڭ خارلىنىپ، ھورۇننىڭ ھۇزۇر ـ

ھالاۋەت سۇرۇۋاتقانلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**كەتمەن چاپماي ئاق نان يېسەم، قوي باقماي پاقلان يېسەم.**

مەنىسى: بۇ، ئىشلىمەي، جاپا تارتماي، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرگۈچىلەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**كېڭەشكەنگە كەڭ دۇنيا، تالاشقانغا تار دۇنيا.**

مەنىسى: بۇ، ھەمكارلىشىشنىڭ ئىستىقبالى زور بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن.**

مەنىسى: بۇ، ئوچۇق ـ يورۇق، كەڭ قورساق بولۇشنىڭ يۈكسەك پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەل بولساڭ بول، قەرزدار بولما.**

مەنىسى: بۇ، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا تېجەشلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**كەمبەغەل كەمبەغەل ئەمەس، كەم ئەقىل كەمبەغەلدۇر.**

مەنىسى: بۇ، ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتىكى كەمبەغەللىكنى تۈگىتىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەل ـ كەمبەغەلنىڭ قاياشى.**

مەنىسى: بۇ، مەرتىۋىسى، ئورنى ئوخشاش كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئاسان دوست بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كەمتەر بولساڭ ئۇتارسەن، مەغرۇر بولساڭ ئۇتتۇرسەن.**
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە سەممىي، كەمتەر بولۇشنىڭ ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كەمتەر كامال تاپار، بەدزىيەت زاۋال تاپار.**
مەنىسى: بۇ، كىچىك پېئىل ئادەملەرنىڭ هامان توختاۋسىز ئالغا باسىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كونا چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار.**
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ باها بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كۆپ بىلگەن ئاز سۆزلەيدۇ، ئاز سۆزلىسىمۇ ساز سۆزلەيدۇ.**
مەنىسى: بۇ، بىلىملىك بولۇشنىڭ مۇھىم يولى كۆپ ئاڭلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كۆپ تەتقىق قىلغان ئالىم بولار، كۆپ تەنقىد ئاڭلىغان زالىم بولار.**
مەنىسى: بۇ، ئۆگىنىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كۆپ تۇرغاندىن سورىماي، كۆپ يۈرگەندىن سورا.**
مەنىسى: بۇ، كۆپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ هەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كۆپتىن مۇت تەكسىمۇ ئال.**

مەنىسى: بۇ، ئەل ئىچىدە نېمە ئىش بولسا، ئۇنىڭغا يې-قىن تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كۆپ كۈلمەي، كۆپ بىل.**

مەنىسى: بۇ، كۆپرەك ئەسقاتىدىغان نەرسىنى ئىگىلەش-نىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كۆپ نەرسىگە ئاشىق بولغۇچە، بىر نەرسىگە مەشۇق بول.**

مەنىسى: بۇ، بىر نەرسىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن نەتىجە قازىنىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ.**

مەنىسى: بۇ، كوللېكتىپنىڭ كۈچىنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ كۆپ ئويلا ئاز سۆزلە.**

مەنىسى: بۇ، ئوي - پىكىر ۋە تەپەككۇرنىڭ مۇھىملى-قىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئالدامچىنىڭ ئۇستىسى تۈلكە، خۇشامەتچىنىڭ دەسمايىسى كۈلكە.**

مەنىسى: بۇ، ئالدامچىلىق خۇشامەتچىلىك بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش-نىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ كۆچەت تىكسەڭ پۇتاپ تۇر تۈز لىم ئالىسەن، بىكار بولساڭ كىتاب كۆر بىلىم ئالىسەن.

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن ئۆگىنىشنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ كۆرەڭلىسەڭ زالىم بولىسەن، ئۆگەنسەڭ ئالىم بولىسەن.

مەنىسى: بۇ، ئادەم بولۇشنىڭ يولىمۇ ئۆگىنىش بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ كۆرسە ھالى يوق، كۆرمىسە كارى يوق.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ كۆرمەي تۇرۇپ ئاق دېمە، سىنىماي تۇرۇپ ساق دېمە.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئەمەلىيەت جەھەتتە كۆزىتىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ كۆرمەيدىغان ئادەم تۆگىنىمۇ كۆرمەس.

مەنىسى: بۇ، ئەقىل جەھەتتە كەمتۈك ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ كۆرۈپ بىلمىسەڭ، قىلىپ بىل.

مەنىسى: بۇ، ئۆگەنگەن ئىشنى قول سېلىپ قىلغاندا، ئاندىن تولۇق ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.





**كۆرۈپ يۈرگەن ئۆزنى ئالماي، كۆرۈپ بىلگەن سەتنى ئال.**

مەنىسى: بۇ، خوتۇن ئېلىش ئۈچۈنمۇ تەكشۈرۈپ، بىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزى يوقنىڭ كۆزى يوق دېگەن مەنىدە.

**كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە ئۈمىدۋار بولۇشنىڭ، چىدامچان بولۇشنىڭ دائىم لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆز قورقاق قول باتۇر.**

مەنىسى: بۇ، ئىشقا كىرىشمەي تۇرۇپ، بىرەر ئىشنى قىيىن دېمەسلىك كېرەكلىكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**كۆزگە سىغقان كۆڭۈلگە سىغار.**

مەنىسى: بۇ، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنگەننى كۆڭۈلمۇ ياقتۇرىدۇ دېگەن مەنىدە بولۇپ، كۆز بىلەن كۆڭۈلنىڭ يېقىنلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**كۆزگە قولاق گۇۋاھچى، ئېغىزغا بۇرۇن گۇۋاھچى.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق شارائىتتا راستچىل، سەمىمىي بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.





☜ **كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق.**

مەنىسى: بۇ، كۆزگە ئىلمىغان ئادەملەرنىڭ چوڭ نەتىـ
جىگە ئېرىشىپ قالىدىغانلىقىنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ **كۆز نۇرنىڭ ئۆۋىسى، كۆڭۈل سىرنىڭ ئۆۋىسى.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشنىڭ ئىنتا-
يىن مۇشەققەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆز ئۇيقۇغا كەتسە، قوڭ پۇتادىن چىقىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ مۇھىمـ
لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، چىشىڭ ئاغرىسا تىلىڭنى تارت.**

مەنىسى: بۇ، ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ئاتىلار سۆزى بولۇپ، كۆزنى ئۇۋۇلىسا، قولدىن مىكروب كۆز-
گە كىرىدۇ، كۆز ئاغرىيدۇ دېگەندەك مەنىلەردە...

☜ **كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ باق، قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ باق.**

مەنىسى: بۇ، كۆرۈش، تۇتۇشتىن ئىبارەت ئەمەلىي پائا-
لىيەت ئارقىلىق شەيئىلەرنى چۈشىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ.

☜ **ھەرىنىڭ چاقىقىنىغا چىدىغان ئادەم ھەسەل يەر.**

مەنىسى: بۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمىغان ئادەم
ھالاۋەت كۆرىدۇ، دېگەن مەنىدە.

☞ **بىلگەندىن ئۆگەن بوينۇڭنى ئېگىپ، بىلمىگەنگە ئۆگەت يۈرىكىڭنى يېرىپ.**

مەنىسى: بۇ، مەيلى ئۆگىتىش بولسۇن ياكى ئۆگىنىش بولسۇن كۆڭۈل قويۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **كۆڭلۈڭ رەنجىسە، كۈلۈپ ئوينا.**

مەنىسى: بۇ، خاپىلىقنىڭ ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **گەپنى قىل ئۇققانغا، مىجەزىڭگە ياققانغا.**

مەنىسى: بۇ، چۈشىنىش ھاسىل قىلغان ئادەملەرگە گەپ قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **كۆڭلۈڭ قالغان يەرگە بارما.**

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈل ئازارلىقى يۈز بەرگەن ئىشلاردىن قايتا ساقلىنىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆڭۈل بېرىپ ئال.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەردىن ئەپۇ سوراشتىن ھەرگىزمۇ يالتىيىپ قالماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **كۆڭۈل بۆلگىن بىلىمگە، گۈل تېرىغىن ئىلىمگە.**

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈلنى بىلىمگە بېرىشتىنمۇ ئارتۇق گۈزەللىك يوق دېگەن مەنىدە.

☜ كۆڭۈلچەك بولماق، ئىرىنچەك بولماق.
مەنىسى: بۇ، ھەم ئىشچان، ھەم كەسكىن بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆڭۈلدە بولمىسا مېھىر - مۇھەببەت، ئەقىدە زەررىدىن نىشان تېپىلماس.
مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارىسىدا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ بەكمۇ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر.
مەنىسى: بۇ، ئادەم بىلەن ئادەم دېگەن مەنىدە.

☜ كۆڭۈلگە پۈكۈلسە، پۈتمەيدىغان ئىش يوق.
مەنىسى: بۇ، كۆڭۈلدە پىلانى بولغان ئىشنىڭ ھەرگىزمۇ يەردە قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆڭۈل كۆرمىسە كۆز تامنىڭ تۆشۈكى.
مەنىسى: بۇ، ئەقىل - پاراسەت كۆرمىسە، كۆزنىڭ رولىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆڭۈلنىڭ كىرىنى چاي ئالىدۇ.
مەنىسى: بۇ، مالىمان بولغان كۆڭۈلگە سىردىشىشنىڭ شىپالىق دورا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئېيتسا كېتەر، كىيىمنىڭ كىرىنى يۇيسا كېتەر.
مەنىسى: بۇ، كۆڭۈلدە كىر ياكى غەلىدە - غەش بولسا،

ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستىغا تۆكسە، يوقايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆز ھۆرۈننى كۆل قىلىدۇ، ئىشچاننى كۆل قىلىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھۇرۇن بىلەن ئىشچاننى ئايرىيدىغىنى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆز يىراق بولسىمۇ، ئاپتىپى يېقىن.**

مەنىسى: بۇ، ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، مەيلى بولسا، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشنىڭ ئامالى كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كېپىنەك پەرۋانە بولماس، ياسانچۇق مەردانە بولماس.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، مەردانە ئادەملەرنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كېسەلنىڭ ئانىسى زۇكام، ئاغىشنىڭ ئانىسى مۇقام.**

مەنىسى: بۇ، كېسەلگە كىچىك دەپ بىپەرۋا مۇئامىلىدە بولماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**تويىنى چوڭ قىلغۇچە تۆيۈگنى چوڭ قىل.**

مەنىسى: بۇ، پۇلنى، ئېھتىياجلىق يەرگە خەجلە دېگەن مەنىدە.

**كېيىنكى پۇشايمان، تۆزۈككە دۈشمەن.**

مەنىسى: بۇ، ئىش قىلغاندا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش-

نىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كېيىنكى پاق ئالدىنقى پاقنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ.**
مەنىسى: بۇ، كېيىنكىلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كىچىك پېئىل بولساڭ، كىچىكلەپ كەتمەيسەن.**
مەنىسى: بۇ، كىچىك پېئىل ۋە كەمتەر بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كىچىكلەردىن گۇناھ، چوڭلاردىن ئەپۇ.**
مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارا پەردىشەپنىڭ ئىنتايىن مۇ-ھىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

☜ **كىشىنى بىلەي دېسەڭ ئاۋۋال دوستىنى بىل.**
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى چۈشىنىشنىڭ يولى كەڭ ئى-كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئۆزىگە دە، ياتقا دېمە، كىشىنىڭ يامانلىقىنى كىشىگە دە، ئۆزىگە دېمە.**
مەنىسى: بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **كىشىنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوقۇغىلى بولماس.**
مەنىسى: بۇ، باشقىلارغا تايىنىۋېلىشنىڭ ناچار ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى

بىلدۈرىدۇ.

**كىشىنىڭ ھەققى يامانلىق يامان، ھالال يېگەن بولۇرسەن ئامان.**

مەنىسى: بۇ، كىشىنىڭ ھەققىنى يەپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىشى يۇرتىدا بەگ بولغۇچە ئۆز يۇرتۇڭدا سەگ بول.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز يۇرتۇڭنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىم بىلىم ئىگىسى شۇ پادىشاھ.**

مەنىسى: بۇ، بىلىم ـ مەرىپەتنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كېمىدە تۇرۇپ، كېمىچىگە دوق قىلما.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈشنىڭ يامان ئىللەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىم ئۆز نەپسىگە زالىم، كەلگۈسى بولۇر ئالىم.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز نەپسىنى كونترول قىلغانلارنىڭ ھەممىدىن باتۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىمكى ئىشنى ئالدىراپ قىلۇر، ئەقىل ئۈيىنى خاراب قىلۇر.**

مەنىسى: بۇ، سەۋرچان ۋە ئەستايىدىل بولۇشنىڭ زۆ-

رۇرلۇكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆڭۈلنىڭ ئالىسى خۇدانىڭ بالاسى.**

مەنىسى: بۇ، قارا كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى هامان هالاك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆپ سىرداش، ئاز سۆزلە (كۆپ سۆز تۈزۈككە دۈشمەن).**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس، پوستى يوق پىياز بولماس.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشنىڭ ئىنتايىن يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گاككۇك بىلەن زەينەپتەك.**

مەنىسى: بۇ، ئىشق - مۇھەببەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن يېقىنلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتماق.**

مەنىسى: بۇ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا، سەۋر - تاقەتتە بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گالا ھەلەپ يېگەندەك.**

مەنىسى: بۇ، تاماقنىڭ ياخشى - يامىنىنى ئىلغىمايدىغان، تاماقنى ئەدەپ بىلەن يېمەيدىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەش



ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **كاللامنى كېسىپ بېرىمەن.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز ئىرادە ـ ئىشەنچىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭكىنى راست چىقىرىش ئۈچۈن قەسەم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

☜ **كاللىمۇ يېمەسلىك، چىشىمۇ چاقماسلىق.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا نىسبەتەن ئارىلاش ـ ماسلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىگە يوق، ئۆزگىگە نەدە ئىكەنلىكىنى، چوڭ (مۇھىم) ئىشلارغا يوق، كىچىك (مۇھىم ئەمەس) ئىشلارغا نەدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىخمۇ كۆيمىسۇن.**

مەنىسى: بۇ، تەرەپلەرنىڭ ھېچقايسىسى زىيان تارتماسلىقنى، ئىشنىڭ ئادىل بولۇشى لازىملىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كەچ قالغان بازارچىدەك.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ناھايىتى ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىۋاتقان ياكى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**كەكلىك قاغىنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ چاتىرىقى يېرىلىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، كۈچ يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىمەن دەپ زورۇقماسلىق كېرەكلىكىنى، زورۇقۇپ قىلغاندا، ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس، ھورۇنلۇق ئەيىب.**

مەنىسى: بۇ، ئىشلەش ئىمكانىيىتى تۇرۇقلۇق ئىشلىمەيدىغانلارنى ئەيىبلەيدىغان سۆز. ھورۇنلۇق پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن زەرەر كەلتۈرىدىغان كېسەللىك.

**كونا خاماننى سورىماق.**

مەنىسى: بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ياكى گەپنى باشقىدىن تەگەپ، يېڭىدىن ئىش پەيدا قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولۇر.**

مەنىسى: بۇ، ئاممىنىڭ كۈچى تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆپنى كۆرگەن كۆپ بىلەر.**

مەنىسى: بۇ، ئەمەلىيەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆپ ياشىغان بىلمەس، كۆپنى كۆرگەن بىلەر.**

مەنىسى: بۇ، ئوقۇماستىن، كۆرمەستىن ياشاش «ھايات» بولمايدۇ، كۆپنى كۆرگەن، كۆرگەنلىرىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئادەملا كۆپ بىلىدۇ، دېگەن مەنىدە.



☜ **كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال.**

مەنىسى: بۇ، بىر قىيىنچىلىق ئۈستىگە يەنە بىر قىيىنچىلىق قوشۇلۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆتىدە ئىشتان يوق، ئېتى مارجان بۇۋى.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتقانغا يارىشا بىلىم، ئىقتىدارى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.**

مەنىسى: بۇ، غەيرەت - شىجائەت بولسىلا، كۆزلىگەن مەقسەتكە چوقۇم يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ **كۆز قورقاق قول باتۇر.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشقا كىرىشىش قىيىن ئىكەنلىكىنى، كىرىشكەندىن كېيىن ئۇ ئىشنى ئىشلەپ كېتىش قىيىن ئەمەسلىكىنى، شۇڭا بىر ئىشقا جۈرئەت بىلەن كىرىشىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.**

مەنىسى: بۇ، بىر - بىرىدىن ئۇزۇن مۇددەت يىراق تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئارىلىرىدىكى دوستلۇق ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋەتنىڭ بارا - بارا ئازىيىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆزگە كۆك ئۆپكىلەر كۆرۈنۈپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، ھەددىدىن تاشقىرى قورقۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆزگە ئىلىنغان پۇتقا چوماق.

مەنىسى: بۇ، مەڭسىتمىگەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ۋاقتى كەلگەندە يارامىلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، كۇتۇلمىگەن نەتىجىلەر يارىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆزگە ياغ (ماي) تولۇپ كەتمەك.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ تەكەببۇرلىشىپ كىشى تونۇماس بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆزنى يۇمۇۋېلىپ كەپ قىلماق.

مەنىسى: بۇ، سەممىيەتسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە.

مەنىسى: بۇ، ئەمەلىيەتنى كۆپ كۆرۈپ، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىشنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆزى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتمەك.

مەنىسى: بۇ، ھەددىدىن ئارتۇق قورققانلىق ۋە ھولۇققانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆزى ئالاق - بالاق بولۇپ كەتمەك.

مەنىسى: بۇ، ھولۇققانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆكنى كۆرۈپ كۆكسۈڭنى كەرمە.

مەنىسى: بۇ، دەسلەپكى ئەھۋالغا قاراپلا خۇش بولۇپ

كېتىش يارىمايدىغانلىقىنى، ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىگە قاراش كې-رەكلىكىنى، ئاخىرقى نەتىجىگە قەدەر يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس، مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس.**

مەنىسى: بۇ دوستلار ئارا ئىناق بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆڭۈلپەكنىڭ كۆتى ئوپۇق.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ رايىنى دەپ، ھامان ئۆزى زى-يان تارتىدىغان ئادەملەرنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆڭلى ئاغدەك بولۇپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكنى بىل-دۈرىدۇ.

☜ **كۆڭلى بۇزۇق باشقىلاردىن ئەيىب ئىزلەر.**

مەنىسى: بۇ، قارانىيەت، ھەسەتخور ئادەملەرنىڭ ھەرقا-چان باشقىلارنىڭ ئىشىدىن چاتاق ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆرۈكتىن ئۆتتۈۋالغۇچە.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىپلا ئۆزى بىلگە-نىنى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆڭلى كىر بولماق.

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈلگە گۇمان - شەك چۈشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆلەڭگۈسىگە قاراپ ماڭالماسلىق.

مەنىسى: بۇ، كىبىر پەيدا بولۇپ قالغانلىقنى، ئۆزىنى تۈزەپ پەرداز قىلىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆلىمىگىنىڭگە ھېسابىما.

مەنىسى: بۇ، ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىمەن دەپ زورۇقماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆلمە كىشىنىڭ ئىشىغا كېلەر سېنىڭمۇ بېشىڭغا.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەت ۋە كېلىشمەسلىك ئۈچۈن كۈلمەسلىك كېرەكلىكىنى، بۇنداق پالاكەت ۋە كېلىشمەسلىك ھەرقاچان باشقىلارغىمۇ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆلىنى كۆككە سورۇماق.

مەنىسى: بۇ، پۈتۈنلەي يوق قىلىغانلىقنى، يىمىرىپ تاشلىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۈندە (ھەمىشە) ھېيتمەدى ساڭرا يېگىلى.

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇشنىڭ دائىم بىر خىل ئۆتمەيدىغانلىقىنى، بەزىدە ئۇنداق، يا بۇنداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنىڭ قاتتىق - قۇرۇقىغا كۆنۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.



كۆندە غەۋغا بېشىدا، ئويلىماي قىلغان ئىشىدا.

مەنىسى: بۇ، ئەقىل ئىشلەتمەي قىلغان ئىشتىن چوقۇم چاتاق چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمەك.

مەنىسى: بۇ، ھايات قالماق، داۋاملىق ياشىماق دېگەن مەنىدە.

كۈننى ئېتەك بىلەن توسقىلى بولماس.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق يول بىلەن ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

مەنىسى: بۇ، بىر نەرسىنىڭ مەيلى ھازىر، مەيلى كەلگۈسىدە لازىمى بولىدىكەن، ئۇنى قەدىرلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كېسەل بولمىغان ساقلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

مەنىسى: بۇ، ئىنسان ئۈچۈن سالامەتلىكنىڭ نەقەدەر بەخت ئىكەنلىكىنى، بۇنى كېسەل دەردىنى تارتقانلار بىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزماق.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارغا بېرىلگەن ئەدىيىۋى ياردەمنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كېمىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇۋەتمەك.

**مەنىسى:** بۇ، مەيدانى مۇستەھكەم بولمىغان ھەم ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرىدىغان ئادەملەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن.

**مەنىسى:** بۇ، بىر ئىشتىن بۇرۇن ئوبدان پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى، ئەگەر مۇنداق قىلمىغاندا ئىشتىن كېيىن كىشىنى پۇشايمانغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كېسەك كۆتۈرۈشتىن قورقۇپ كاگەمنەزە كۆتۈرمەك.

**مەنىسى:** بۇ، ئاسان ئىشتىن قورقۇپ ئۇنىڭدىن قىيىنىغا ئۇچرىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس.

**مەنىسى:** بۇ، بىراۋغا قىلىنغان زەررىچە ياخشىلىق ھەرگىز ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى، ئۇ بەربىر قايتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كىشىگە ئورا كولىغان ئۆزى چۈشەر.

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەر ئۈچۈن يامانلىق ئويلىغان ئادەملەر ئويلىغان يامانلىقىدىن بۇرۇن ئۆزى زەرەر تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كىشىنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوقۇماق.**

مەنىسى: باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك دېگەنلىك بولىدۇ.

☜ **كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۆز قولىدا.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئىززەتلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا قول توڭلاپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئىش خۇشياقماس، ھۇرۇن ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز يۇرت، ئۆز ۋەتەننىڭ مۇقەددەس، ئەزىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كىشىنى ئالدىغانلىق ئۆزىنى ئالدىغانلىق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە راستچىل، سەمىمىي بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## گ

☜ گاپپا بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن.

مەنىسى: بۇ، پۇلى بارنىڭ سۆزلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى سۇپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ گاھىدا مېھمان كېلىدۇ قويۇپ قويغان تۆپكىدەك، گاھىدا مېھمان كېلىدۇ قويۇپ كۆتىگە تەپكۈدەك.

مەنىسى: بۇ، مېھمانلارنىڭ پەزىلىتىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ گەپ بەرمىگەن نەپ بەرمەس.

مەنىسى: بۇ، ھىيلىگەر، ئىش خۇشياقماس گەپتانلاردىن نەپ تەگمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ گەپ تاپقۇچە گالغا تاپ.

مەنىسى: بۇ، ئەمگەكنى ئارقىلىق ياشاشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ گەپتىن قالساڭ قال، ئىشتىن قالما.

مەنىسى: بۇ، ئىش - ئەمگەكنىڭ ئادەمنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گەپ قىلمىسام مۈڭ دېمە، جىم تۇرسام دۆڭ دېمە.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گەپنىڭ يامىنى پىچىر، ئۇلاغنىڭ يامىنى خېچىر.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئالدىدا پىچىرلىشىپ، قۇلاقنى قۇلاققا يېقىشىپ گەپ قىلىشنىڭ پەزىلەتسىزلىك جۈملىسىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گەپ يۈزدە ياخشى ئۇسسۇل تۈزدە ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، گەپنىڭ ئوچۇق - يورۇقى ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن.**

مەنىسى: بۇ، كۆڭلى يېقىنلارنىڭ باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گۆھەرلىك بولۇشتىن ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق.**

مەنىسى: بۇ، مال - دۇنيالىق بولۇشقا قارىغاندا، ھۈنەر - بىلىمگە ئىگە بولۇشنىڭ رولى چوڭلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گۆھەرنى ئالغۇچە تاشتىن، نى سەۋدا ئۆتىدۇ باشتىن.**

مەنىسى: بۇ، جاپا - مۇشەققەت بىلەن ھالاۋەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بايلىقنى تونۇش ئۈچۈن ئەجىر

قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆرۈپتىن خەۋەر يوق سەۋزە دەم يەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ خەۋىرىسىز ئۇ قوشۇلمىغان ئىشنىڭ پۈتۈپ قالغانلىقىنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **كۆلدۈرى بار يامغۇرى يوق، ھەيۋىسى بار، ماغدۇرى يوق.**

مەنىسى: بۇ، قۇرۇق ھەيۋىسى بار، ئەمەلىي ھەرىكىتى يوق ئىشلارنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **كۆلزاردا ئەتىرنىڭ قەدرى بولماس.**

مەنىسى: بۇ، ئەسلىدە بار بولغان گۈزەللىككە يەنە گۈزەللىك ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆلنىڭ گۈزەللىكى ھۆسنىدە، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى قەلبىدە.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن قەلبىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كۆلنىڭ سەرخىلى كۈل ئارىسىدا، ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا.**

مەنىسى: بۇ، باتۇر ۋە پەزىلەتلىك ئەرنىڭ ئەل ئىچىدە يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **كالدىن تاماق ئۆتمەسلىك.**

مەنىسى: بۇ، كۆڭۈل بىئاراملىقىنى ۋە ھاياجاننى

بىلدۈرىدۇ.

☜ كەپ خالتا قىلماق.

مەنىسى: بۇ، بىراۋ ئارقىلىق بىر مۇنچە نارازىلىق سۆز-لىرى يوللىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كەپكە كەپ كىلگەندە ئاتاڭدىن يانما.

مەنىسى: بۇ، يۈز - خاتىرىنى دەپ پرىنسىپتىن ۋاز كەچمەسلىك لازىملىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كەپنىڭ بىلىگە تەپمەك.

مەنىسى: بۇ، داۋام قىلىۋاتقان سۆزگە لوقما سېلىپ توختىتىپ قويغانلىقنى ياكى سۆزنى تېمىدىن يىراقلاشتۇرۇ-ۋەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كەپنىڭ تېگىدە (ئىچىدە) كەپ بار.

مەنىسى: بۇ، بىر سىر يوشۇرۇنغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كەپنى بىر قىلىۋالماق.

مەنىسى: بۇ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقنى بىلدۈ-رىدۇ.

☜ كەپنى قىل سىغار يەرگە، سۇنى سەپ سىغەر يەرگە.

مەنىسى: بۇ، سۆزنى ئوبيېكتقا ۋە سورۇنغا قاراپ قىلىش لازىملىقنى بىلدۈرىدۇ.

**گەپنى گەپكە قوشماق.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر سورۇندا سۆھبەت بولۇۋاتقان ئىكەن، قالايمىقانچىلىق چىقارماي سۆزنىڭ داۋاملىشىشىغا ئىمكان بەرمەك دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**گەپ يەردە ئەمەس، ئەردە.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەردە قەتئىي ئىرادە بولسىلا، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ مول ھوسۇل ئالالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**گەپ يۈزدە ياخشى، كاۋاپ زىختا (تۇسۇل تۈزدە) ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا نارازىلىق پىكرى بولسا، يۈزدە سۆزلەشكەن ياخشى، ئارقىدا غەيۋەت ـ شىكايەت قىلسا، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يېتىدۇ، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئورۇنسىز، ئاساسسىز گۇمانلار كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆشى سېنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ.**

مەنىسى: بۇ، كونا جەمئىيەتتە دىنىي مەكتەپلەردە ئاخۇنۇملارغا ۋە باشقا ئۇستىكارلارغا چەكسىز، مۇتلەق ھوقۇق بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**گۆش يېگەنمۇ تۇغرى، شورپىسىنى ئىچكەنمۇ تۇغرى.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ جىنايى ئىشلىرىغا قانچىلىك

شېرىكلىكى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەربىر قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۈلدۈرى بار يامغۇرى يوق.

مەنىسى: بۇ، چوڭ داۋراڭ سېلىنىسىمۇ، ئەمەلىي ئۈنۈمىنىڭ زور بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كۆل كۆلىگە كىلمەسلىك.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ ئاۋۋال ئويلىغاندەك ئەپلىشىپ بەرمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ گۈلنى سۆيگەن تىكىنىدىن قورقماس.

مەنىسى: بۇ، ياخشى ۋە گۈزەل نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بەزى جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

☜ گۈل ئۈستىگە گۈل كىلتۈرمەك.

مەنىسى: بۇ، ياخشىنى تېخىمۇ ياخشى قىلماقلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ كىپى ئاغزىدىن چۈشۈپ قالماق.

مەنىسى: بۇ، ئەزمە، لامزەللە ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ كىلى يوغىناپ كەتمەك.

مەنىسى: بۇ، نەپسى چوڭىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

# ل

☜ **لاپسىن قاراپ تاپار، تۈلكە ماراپ تاپار، بۆرە يۇراپ تاپار.**

مەنىسى: بۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىش قىلىشتا ئۆز يولى ۋە ئۇسۇلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **لاۋا ـ لاتقا ئەخلەتچىنىڭ ئىشى، تەكەببۇرلۇق ئەخمەقنىڭ ئىشى.**

مەنىسى: بۇ، تەكەببۇرلۇقنىڭ كىشىلەر پەزىلىتىگە يات ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **لايدىن ياسىغان ئام كوزا سۇغا چۈشسە ساق چىقماس.**

مەنىسى: بۇ، ئىشنىڭ ئۇنۇمى ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىنىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **لاي سۇ كۆپنى بۇزىدۇ، پالچى يۇرتنى بۇزىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئىشنى پەرەز قىلىش بىلەن، ئەمەلىي قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **لەۋزىدە تۇرمىغاننىڭ ئىناۋىتى يوق.**

مەنىسى: بۇ، ۋەدىسى، تورۇشنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **لەيلىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى بولۇش كېرەك.**

مەنىسى: بۇ، ئىسسىلىقنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىسىل كۆز بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **لىمغا قىل يۆلەك.**

مەنىسى: بۇ، مۇستەقىل بىرەر ئىش قىلىشتا، خېيىم-خەتەردىن قورقماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **لاي سۇدا بېلىق تۇتماق.**

مەنىسى: سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماق دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☞ **لەيلەپ قالماق.**

مەنىسى: بۇ، بىرى، چوڭ كېلىپ قالغانلىقىنى، يەنە بىرى، بىراۋنىڭ ئىشى يوق، بوش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **لېۋىنى چىشلىمەك.**

مەنىسى: بۇ، بەرداشلىق بەرمەكلىكنى، ھەسرەت ـ نادامەتنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **لەيلەپ يۈرمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر قىلىدىغان ئىشى يوق، ھۇزۇر تەييارغا ھەييار ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

## م

☜ ماختانچاقنىڭ ئۆيىگە بارما، كىبىرلىكەننىڭ تويىغا بارما.
مەنىسى: بۇ، ياخشى خۇلق ـ مىجەزدىكى كىشىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ماس ئەمەس بولۇپتىن تاق ياخشى، ئالدايدىغان ماقۇلدىن ياق ياخشى.
مەنىسى: بۇ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايايمان دەپ يالغان گەپ قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ماخالماس ئىتىدىن كۆرەر، ئاتالماس ئوقىدىن كۆرەر.
مەنىسى: بۇ، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىز-دەشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر، قاسقانغا دوم چۈشەر.
مەنىسى: بۇ، ئىش كۆرمىگەن ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈ-چۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ مەردنى مەيداندا سىنا، نا مەردنى يولدا سىنا.
مەنىسى: بۇ، مەردۇ ـ مەردانىلىقنىڭ ئادەملەر ئىنتىلى-

دىغان ياخشى پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەكتەپ كۆرمىگەن بالا، يادا كۆرمىگەن كالا.**

**مەنىسى:** بۇ، مەكتەپنىڭ بالا تەربىيىسى جەھەتتىكى رولىنىڭ چەكسىزلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**مەككىگە بارغان ئېشەك ھاجى ئەمەس.**

**مەنىسى:** بۇ، ئىشنى ماھايىتى بىلەن قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەككارنىڭ قالقىنى ھىيلە.**

**مەنىسى:** بۇ، ھىيلە ـ مىكىردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىق روھىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ملھەمنىڭ سۆپىتى ئىلكەك بىلەن، ئادەمنىڭ سۆپىتى ئەمگەك بىلەن.**

**مەنىسى:** بۇ، ئادەمنىڭ يۈزى ـ ھۆرمىتى ئەمگەك بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا.**

**مەنىسى:** بۇ، ئاتا ـ ئانىغا مېھىر ـ ۋاپا يەتكۈزۈشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **مەينەت تۈينىڭ بوسۇغىسىدىن پەرىشتە ئاتلىماس.**

مەنىسى: بۇ، پاكىزلىقنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىدىكى رو-لىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق يامان ئىشنىڭ چېكى بولىدىغان-لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **موللامنىڭ دېگىنىنى قىل قىلغىنىنى قىلما.**

مەنىسى: بۇ، ئەمەلىيىتى ناچار كىشىلەردىن ھەزەر ئەي-لەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **موھتاجلىق تاشتىن قاتتىق.**

مەنىسى: بۇ، زۆرۈر لازىم نەرسىلەرنىڭ كىشىگە ئېلىپ كېلىدىغان غېمىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **مۇشتى قاتتىقتىن قاچما، باغرى قاتتىقتىن قاچ.**

مەنىسى: بۇ، نىيىتى، كۆڭلى تاش بولۇپ كەتكەن كى-شىلەرنىڭ قولىدىن يامانلىقلا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **مۇھەببەتسىز يۈرەك، كۆيۈپ تۈگىگەن تېزەك.**

مەنىسى: بۇ، مۇھەببەت ۋە مېھىر - شەپقەتنىڭ لازىملى-قىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **مۇھەببەت ۋاپاسى بىلەن، ھالاۋەت جاپاسى بىلەن.**

مەنىسى: بۇ، ۋاپا بىلەن جاپا ئارقىلىق ھەرقانداق ياخشى

نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان باردا مۈشۈكنى پەش دېمە.**

مەنىسى: بۇ، مېھماننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان بولساڭ بىر كۈن بول.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى كۆپ ئاۋارە قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان كەلسە قونچۇرما قوندۇرساڭمۇ توڭدۇرما.**

مەنىسى: بۇ، مېھماننى ئوبدان كۈتۈش زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر.**

مەنىسى: بۇ، مېھماننىڭ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مېھمانتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ.**

مەنىسى: بۇ، ئەمگەك قىلدىم دەپ باشقىلارنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنىڭ يارىماس قىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مۈشۈك يولۋاستۇر چاشقان ئالدىدا، لېكىن ئۇ چاشقاندۇر يولۋاس ئالدىدا.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنى چوڭ

تۇتماسلىق كېرەكلىكىنى، بۇ دۇنيادا غوجامنىڭ غوجىسى بار-لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ مايلامچى يامغۇر تىلىسە، پادىچىنىڭ ئاچچىقى كېلەر.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق كەسىپ ۋە ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس تىلىكى ۋە ئۇدۇمى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ موللا ئوقۇپ يەر، توخۇ چوقۇپ يەر.

مەنىسى: بۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا رىسقى ۋە نې-سىۋىسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ موھتاجلىق مىڭ ھۈنەرنىڭ ئانىسى.

مەنىسى: بۇ، ئارزۇ ـ ئارمان ۋە موھتاجلىقنىڭ ھەر-قانداق بىر ھۈنەرنى ئۆگىنىشنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولۇپ قالى-دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ماختىغان قىز تويدا چىچىپتۇ.

مەنىسى: بۇ، كۆتۈلگەن ئۈمىدنىڭ يوققا چىققانلىقىنى ۋە كىشىنى يەرگە قارىتىپ قويىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ مازارغا چالما ئاتماق.

مەنىسى: بۇ، ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك ئادەم ۋە نەرسىگە نى-سبەتەن ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ماڭقىسىنى تارتالماي قالماق.

مەنىسى: بۇ، ئىشنىڭ بېسىقلىقىنى، بۇنىڭ تۈپەيلى

چولا يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈيلۈك.**

مەنىسى: بۇ، مۇتتەھەملىك، داۋلىسىزلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**مايىسنى تارتىپ ئۆستۈرمەك.**

مەنىسى: بۇ، شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە خىلاپ ئىش كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس.**

مەنىسى: بۇ، مەسلىھەت قىلىنغان ئىشنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلىنغان ئىشنىڭ ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى ئېشكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.**

مەنىسى: بۇ، قەدەم بىرلىكى، پىكىر بىرلىكى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن بىلمەيدىغان كۆتۈك بارمۇ سىڭا يېنى تارتۇق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ھەممە ئەھۋالى مەلۇملۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز.**

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇشتا ۋە باشقا ئىشلاردا ئىلگىرى باسالمىغانلىقنى، ئۆز ئەھۋالىنىڭ ياخشىلانمىغانلىقىنى

بىلدۈرىدۇ.

☜ موردىن تۇتۇن چىقىرالماسلىق.

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ مورىغا كىرىپ چىققاندەك.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئۈستۈبېشىنىڭ قاپقارا بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ موللام كۆپ بولسا، قوي ھارام بولار.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىش ئۈستىدە كىشى كۆپ بولسا، بىر ـ بىرىگە سىلىق سىلىشىپ، ئىشنى بۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى ياكى كېچىكتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ موللام مۈشۈك بولۇپ كەتمەك.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ياۋاش ـ مۇلايىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما.

مەنىسى: بۇ، بەزىلەرنىڭ پىكىر ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا، لېكىن ئۇنىڭ ئەسكى ئىشلىرىنى قىلما، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☜ موللام يوق يەردە موللىمەن، موللا بار يەردە يولدىمەن.

مەنىسى: بۇ، سەن شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى ئەمەسكەنسەن،

شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بار يەردە يا ئۇنداق يا بۇنداق سۆز ـ ھەـ رىكەتتە بولما، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☞ مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس.

مەنىسى: بۇ، باشتىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگۈچىلىك تۇرمۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈـ رىدۇ.

☞ مۈشت بەرگەنگە تاش بەر.

مەنىسى: بۇ، يامانلىق قىلغۇچىغا ياخشىلىق قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ مۆككۈزى چىقىپ قالماق.

مەنىسى: بۇ، يېڭى قىلىق، يېڭى ئادەت پەيدا قىلىپ، بۇرۇنقىدەك يۈۋاش، سەمىمىي ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ مۇرنى مۇرىگە تىرىمەك.

مەنىسى: بۇ، ئۆزئارا زىچ ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ مۈشۈك بالىسنى يېگەندەك.

مەنىسى: بۇ، مۈشۈك ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆز بالىسىـ نى سىغدۇرۇۋەتكىنىگە ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ بىر نەرسىنى باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ مۈشۈككە تويۇن پاشقانغا قىيىن.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ قىيىن ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالـ

مىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق.

مەنىسى: بۇ، ئۆز ھالىغا باقماي ھەممە نەرسىگە تەمە قىلىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ مۈشۈكنىڭ گۆشكە بويى يەتمىسە، سېسىقكەن دەر.

مەنىسى: بۇ، ئۆزى ئېرىشەلمىگەن نەرسىنى باشقىلارغا يامان قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ مېغىشى باشقىپە بولۇپ قالماق.

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ تەكەببۇرلىشىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ مېغىشقا ئېرىنسەڭ يۈگۈرەرسەن.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشقا نىسبەتەن ھورۇنلۇق، خۇشياقماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقاندا، ئاخىرىدا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ مىدىرلىغان قىر ئاشار.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى چىدام بىلەن داۋاملاشتۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ مىڭ دوستتىن بىر دۈشمەن كۆپ.

مەنىسى: بۇ، دۈشمەننىڭ ئىشى، كۆپى يوق، بىر بولسىمۇ، خەتەرلىك، شۇڭا دۈشمەنگە نىسبەتەن ھوشيار بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.





☜ **مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، قاتتىق قورققانلىقنى، ھولۇققانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **مېڭىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، كۆپ ئويلانغان ۋە مېڭە ئىشلەتكەنلىكتىن مېڭىنىڭ ناھايىتى چارچىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسىلىنى ھەل قىلالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلمەك.**

مەنىسى: بۇ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **مىڭ يىللىق بولۇشۇپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، ئەپلەشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **مىننەتلىك ئىشقىدىن قارنىنىڭ ئېچى ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا قىلىنغان ياخشىلىقنى مىننەت قىلىپ يۈرۈش ياخشى ئەمەسلىكىنى، بۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن بولىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، مېۋىلىك دەرەخ كۆپ ۋە شىرىن مېۋە بەرگەنلىكى بىلەن غادىيىۋالمىغىنىغا ئوخشاش، بىلىملىك ئادەملەرمۇ كەمتەر كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## ن

☜ نەسەپكە ئىشەنمە، ھۈنەرگە ئىشەن.
مەنىسى: بۇ، بىر ئادەمگە قارىتا، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە ئەمەس، ھازىرقى ئىش - ھەرىكىتىگە قاراشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ نىيەتسىزنىڭ دوستى يوق، نەپسى يامانىنىڭ كۆزى يوق، قارا نىيەتنىڭ يۈزى يوق.
مەنىسى: بۇ، قارا نىيەت كىشىلەرنىڭ ھامان كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ نادان بەرگەن كۆھەردىن، ئاقىل بەرگەن ھۈنەر ياخشى.
مەنىسى: بۇ، ھۈنەرلىك بولۇشنىڭ نى - نى گۆھەر ۋە بايلىققا ئىگە بولۇشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ نادان كۆلگە يۈگۈرەر، زىرەك مېۋىگە يۈگۈرەر.
مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ نادانلىق - پۈلدە ئۆسكەن قامغاق.
مەنىسى: بۇ، بىلىمسىزلىكنىڭ قەدىرسىزلىكىنى

بىلدۈرىدۇ.

☜ **نادانىنىڭ زىياپىتىدىن دانانىڭ سۆھبىتى ئەلا.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلگە بەكرەك ياقىدىغىنى دانالىق ۋە بىلىملىك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **نادانىنىڭ ئوبدىنى كالا، ئوسلى توڭگۇز.**

مەنىسى: بۇ، نادانىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا لاياقەتلىك بولىدىغىنى ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **نادان بىلمەس ئۆزىنى، ئويلاپ قىلماس سۆزىنى.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلمەسلىكنىڭ نادانلىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ناشتىلىققا سەل قارىما ئۆمرۈڭنى دەپ، دوستلىرىڭدىن ۋاز كەچمىگىن نېپىسىڭنى دەپ.**

مەنىسى: بۇ، كۈننى تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ، سالامەتلىك يەنە دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **نامەردنىڭ ئوتىدا كۆيگۈچە مەردنىڭ دەرياسىدا ئاق.**

مەنىسى: بۇ، نامەردلىكتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **نەسلىڭنى ئۇنتۇدۇڭ — ئەسلىڭنى ئۇنتۇدۇڭ.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنىڭ جەمەتىنى، يىلتىزىنى بىلىشنىڭ

مۇھىملىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ نەسىھەت ئاچچىق مېۋىسى تاتلىق.

مەنىسى: بۇ، گەرچە نەسىھەتنىكى راست گەپلەر كۆڭۈل-نى يېرىم قىلسىمۇ ئۇنىڭ پايدىسى زور بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ نېسىدىن تىلىيم يوق.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ نەق ھەم ھەق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ نىيىتى يامانىڭ قازىنى تۆشۈك.

مەنىسى: بۇ، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ نىيىتى يامانىڭ يېنىدىن قاچ، مىننەتخورنىڭ نېنىدىن قاچ.

مەنىسى: بۇ، يامان مىجەز ـ خۇلق ئىگىسى بولغان نا-چار كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق.

مەنىسى: بۇ، بېرىلگەن پىكىر، تەنقىد دەماللىقتا قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى نەتىجىسى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ نەگە بارساڭ قازانىڭ قۇلىقى تۆت.

مەنىسى: بۇ، بىر ۋەزىيەتنىڭ، رېئاللىقنىڭ ماكان ـ



زاماننىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **نوخلىسىنى ئېلىپ قويماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، ئۇنى ياۋاش-لىتىپ قويغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **نوخلىسى ئۈسۈپ قالماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ قۇيرۇق كۆتۈرۈپ قالغانلىقىنى، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **نىشانسىز ئوق ئاتماق.**

مەنىسى: بۇ، قىلىنغان سۆز ياكى ئىشتا كۆزلىگەن بىر-رەر مەقسەت، نىشان يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورۇيسەن.**

مەنىسى: بۇ، ياخشىلىق قىلساڭ ياخشىلىق، يامانلىق قىلساڭ يامانلىق كۆرىسەن، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

☞ **نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.**

مەنىسى: بۇ، ھەسەتخور، ئىچى تار ئادەملەرنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## ھ

☜ ھاراق پادىشاھتۇر، مۇسەللەس ۋەزىر، نەشە پاسكىنىدۇر، بوزا بىنەزىر.

مەنىسى: بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكنىڭ قانداقلا چىرايلىق نام بىلەن ئاتالمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئادەمگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ھاراق پىقار باشقا، تولدۇرار كۆزنى ياشقا.

مەنىسى: بۇ، ھاراقنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بەكمۇ يامان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ھارام قوشتۇڭ ئېشىڭغا، پىچاق سالدىڭ بېشىڭغا.

مەنىسى: بۇ، سودا - سېتىقتا ھالاللىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ھارغاندىن ھال سورا، گەپ سورىما.

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ھالىغا بېقىپ، گەپ - سۆز قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**هارغانغا ياتاق يوق، ئاچقانغا تاماق يوق.**

مەنىسى: بۇ، ئىشلەپ ھالىدىن كەتكەنلەرنىڭ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**هالال يېگەننىڭ ساۋابى بار، ھارام يېگەننىڭ ھېسابى بار.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا كۆپرەك ساۋابلىق ئىش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**هالاۋەت كۆرەي دېسەڭ، جاپادىن قورقما.**

مەنىسى: بۇ، ھالاۋەت ئۈچۈن ھەرقانداق جاپادىن قورقماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**هاۋايى - ھەۋەسنىڭ بېشى كۆل، ئايىغى چۆل.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ئەيش - ئىشرەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**هاياتتا خۇشاللىقتىن ئازاب كۆپ، جاۋابتىن سوئال كۆپ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يولىنىڭ تۈپتۈز بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**هايا بىلەن ئەخلاق ئاچا بىلەن سىڭىل.**

مەنىسى: بۇ، ئەدەپ بىلەن ئەخلاقنىڭ ھەممىسى ئادىمىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**هايۋان بالىسى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر، ئادەم بالىسى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر.**

مەنىسى: بۇئادەم بالىسىنى بېقىشنىڭ يەنى پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ تولىمۇ جاپالىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھايۋانغا ھەلەپ كېرەك، ئادەمگە ئەدەب كېرەك.**

مەنىسى: بۇ ئادەم ئۈچۈن ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەرقانداق ئىش بىلمەسلىكتىن ئەمەس، قىلماسلىقتىن قالار.**

مەنىسى: بۇ، ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەر كىشى بولمىسا ھۆرۈن، بولۇر باي ھەممىدىن بۇرۇن.**

مەنىسى: بۇ، ھۆرۈن بولمىغان ئادەمنىڭ باياشات ياشايدىغان ئىمكانىيىتى دائىم ھازىرلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەر كىشى ئۆز غېمىدە، كور كىشى كۆز غېمىدە.**

مەنىسى: بۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزى موھتاج بولغان نەرسىسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەرىدىن قورقمىغان ھەسەل ئالار.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ جاپاسى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەرىكەت - بەرىكەت، ھۇرۇندىن نېرى كەت.**

مەنىسى: بۇ، ئىش - ھەرىكەتكە يېقىن تۇرۇش

لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەرىكەت قىلساڭ بەرىكەت تاپارسەن، ئىخلاس قىلساڭ مەرىپەت تاپارسەن.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشقا ئىخلاس باغلاشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەرىكەت قىلىپ يېگەن تاماق تەنگە قۇۋۋەت، ھەرىكەت قىلماي يېگەن تاماق غەمگە قۇۋۋەت.**

مەنىسى: بۇ، تەن ساغلاملىقىنىڭ كېلىش يولى ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەق سۆزنىڭ توقمىقى بار، يالغان سۆزنىڭ قورقمىقى بار.**

مەنىسى: بۇ، ھەقىقەت ھامان ئۇنى توتقۇچىلارنىڭ قولىنى كۆيدۈرگەندەك، ھەق گەپنىڭ يالغانچىلىقنى بىتچىت قىلىدىغان قىممىتى زور ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەق دېسەڭمۇ ھالال ئال پۇلنى، تىرىكتاپ بولۇۋېلىپ سۇندۇرما قولنى.**

مەنىسى: بۇ، پۇل تېپىشتا ھالال ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەقنى ھەق سۆزلە يامان بولمايدۇ، رەڭگىرويۇڭ ئەبەدىي سامان بولمايدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق شارائىتتا راستچىل بولۇشنىڭ ئادەمنى خىجالەتتىن يىراق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يەقۇ ئېكىلەر سۇنماس.

مەنىسى: بۇ، ھەقىقەت ئۇستىدە قانچىلىك غەيۋەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مەزمۇت بەستى ھامان تىك تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يەيىيارنىڭ كۆپى ئاز، ھىيلىسى كۆپ.

مەنىسى: بۇ، ھىيلىگەرنىڭ كۈچىگە ئەمەس، ھىيلە ـ مىكىرىگە تايىنىپ كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يورۇنغا ئىش بۇيرۇساڭ ساڭا ئەقىل كۆرستىدۇ.

مەنىسى: بۇ، ھۇرۇن ئادەملەرنىڭ تەبئىتىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يورۇنلۇقتىن بالا كېلەر باشقا، ئىشچانلىقتىن گۈل ئۈنەر تاشقا.

مەنىسى: بۇ، ئىشچانلىق ئارقىلىق تاشقىمۇ گۈل ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يورۇننىڭ ئاغرىنمايدىغان ئىشى يوق.

مەنىسى: بۇ، ھۇرۇن ئادەمنىڭ ھەممە ئىشتىن بىزار بولىدىغانلىقىنى، ئىش دېسە بېشى ئاغرىيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يورۇننىڭ تاپاۋىتى ئاز، بېخىلنىڭ ساخاۋىتى ئاز.

مەنىسى: بۇ، پىخسىق ئادەملەرنىڭ ئاجىز ـ غېرىبلارغا



باشپاناھ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھۆرمەت دوست بار يەردە، بۇلبۇل گۈل بار يەردە.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ھۆرمىتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھۆرمەت قىلساڭ چوڭغا، ئىشىڭ تارتار ئوڭغا.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت قىلغان ئادەمنىڭ ئالدى ئوچۇق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھۈنەر ئېقىپ تۇرغان بۇلاق، بىلىم يېنىپ تۇرغان چىراغ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئۈچۈن ھۈنەر بىلەن بىلىمنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ مەززىسى يوق ئىشىنىڭ.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر ھۈنەر ياكى تېخنىكىنى بىلمىگەن كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئىشىنىڭ روناق تاپمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھېسابتا بار ھەمدەمدە يوق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ھەمكارلىق روھىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ھەممىڭگە كۆي، مىللىتىڭنى سۆي.**

مەنىسى: بۇ، قايسى مىللەتنىڭ پۇشتى بولساڭ، ئاۋۋال ئۆز مىللىتىڭنى سۆي، ئاندىن باشقا ھەممەتىلىرىڭنى كۆرسەت،

دېگەن مەنىدە.

☜ **ھارۋا ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئەقىل كۆرسەتكۈچى كۆپ بولار.**

**مەنىسى:** بۇ، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەسلىھەت بەرگۈچىلەرنىڭ مەسلىھەتى كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھارۋىدا تۇشقان ئوۋلىماق.**

**مەنىسى:** بۇ، بىر ئىشنى سەۋرچانلىق بىلەن قىلغاندىلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھاكىپى ئۇنچىنى كۆرمەپتۇ.**

**مەنىسى:** بۇ، ھەسەتخورلۇق، ئىچى تارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ تۇن تارت.**

**مەنىسى:** بۇ، ھەر ئادەم ئۆز ھالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى، ھەرگىز ئەمەلىي ئەھۋالدىن ھالقىپ كەتمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھالۋىنى ھېكىم يەر، تاياقنى يېتىم يەر.**

**مەنىسى:** بۇ، راھەتنى باشقا بىرسى كۆرۈپ، دەردۇ - بالاغا باشقىلار قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ھەربىر ساراڭ دېگەندە بىر چېشلەم كۆشى ساراڭ بولار.**

**مەنىسى:** بۇ، بىراۋغا ئىجابىي تەربىيە بەرمەي، دائىم



روھىي جەھەتتىن زەربە بەرگەندە تۆزىلىش ئورنىغا تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ھەرە ھەسەل يىغقىدىغان گۈلنى بىلىدۇ.

مەنىسى: بۇ، پايدا ئېلىشقا ماھىر ئادەملەرنىڭ پايدىنىڭ نەدىن ۋە قانداق قولغا كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ھەرىسىگە يىدىغان ھەسىلىنى يەر.

مەنىسى: بۇ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدىغاندىلا، ھالاۋەت كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ھەرىكەتتە بەرىكەت.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بەخت ـ سائادەت ئەمگەك ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ھەسىلىنىڭ ھەرىسى بار، گۈلنىڭ تىكىنى بار.

مەنىسى: بۇ، ھالاۋەتكە جاپا ـ مۇشەققەت يوشۇرۇنغانلىقىنى، يەنى جاپا چەكمەي ھالاۋەت كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ.

مەنىسى: بۇ، چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنىڭ ھېچقانداق لەززەت ـ زوقى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ھەق ئېگىلەر سۇنماس.

مەنىسى: بۇ، ھەقىقەت قاچانلا بولمىسۇن ھەقىقەت بويىد-

چە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ھەممە قازاندا قايناغان (ھەممە كوچىدا يۈرگەن).

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغانلىقىنى، ھەممە ياخشى ـ يامان يوللاردا ماڭغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ھۈرۈنگە ھويلىدىكى سۈمۈ يىراق.

مەنىسى: بۇ، ئىش خۇشياقماس، ھۇرۇن ئادەملەرنى سۆ ـ پەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ھۈرۈننى ئىشقا بۇيرۇساڭ، ساڭا ئەقىل ئۆگىتىدۇ.

مەنىسى: بۇ، ئىش خۇشياقماس ئادەملەرگە ئىش بۇيرۇ ـ سا، تۈرلۈك پەتىۋالار بىلەن باش تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ھۆپۈپنى يۇڭىزلىماي يەيدىغان.

مەنىسى: بۇ، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئەتمەيدىغان ئا ـ دەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ھۆل ياغاچنى قۇرۇق ياغاچقا تاڭماق.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ مايىللىقى ۋە خاھىشىغا قارى ـ ماستىن، زورلىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ھۈنىرى بار قۇل ئۆلمەس.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى بىرەر ھۈنەر، تېخنىكا ئىگى ـ لەشكە ئۈندەيدۇ

☜ ھېسابتا بار ھەممىدە يوق.

مەنىسى: بۇ، ئاتاقتا بار، ئەمما ھېچ پايدىسى تەگمەيدىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ھېيلىلىك ئىشتا خەير يوق.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى سەمىمىي، راستچىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

## ئو

☜ ئوتتۇرىدا قاقشال بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەپ كېتەر.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارىسىدا قانۇن قاتارلىق مەسىلىنى ئادىل ھەل قىلىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوت بىلەن ئويناشما.

مەنىسى: بۇ، چاتىقى بار ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوتتۇز چىشتىن چىققان سۆز، ئوتتۇز ئىلگە تارايدۇ.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر ئېغىز سۆزنى ئويلاپ قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ.

مەنىسى: بۇ، كىم ھەقىقەت تەرەپتە تۇرسا، شۇنىڭ مەجبۇرىيىتى كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆي.

مەنىسى: بۇ، مەسىلىگە بىۋاسىتە ئارىلىشىپ ھەل قىلىش تەرەپدارى بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق.

مەنىسى: بۇ، ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ مۇكەممەل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئورمان تىككەن خار بولماس.

مەنىسى: بۇ، دەرەخنىڭمۇ بايلىق يارىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئورنىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارغا يامانلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى ھالاك قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوغرى بېيىماس، تەمەخور تويماس.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر يامان ئىللەتنىڭ ئادەمگە زىيان بولىدىغان تەرىپى كۆپلۈك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوغلۇڭغا كىيىم ئىزدىگۈچە، ئۇستاز ئىزدە.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا، بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭ ئۇلارنى ياساندۇرۇشتىن ھەتتا قورسىقىنى تويدۇرۇشتىن ناھايىتى يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئاز.

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ئەركەك ھېسابلايدىغانلارنىڭ زىمـ-

مىسىدىكى يۈكسەك ئىپتىخارلىقىنى، شۇڭا، ئەسقاتقۇدەك ھۈنەر ۋە بىلىمنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوقۇماي بىلىم ئالغىلى بولماس، تىرىشماي ھوسۇل ئالغىلى بولماس.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئۆچۈن ئوقۇشنىڭ تولىمۇ ئۇلۇغ يول ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئولتۇرسا ئوچاقنى ئۆرۈيتۇ، قوپسا مورىنى ئۆرۈيتۇ.**

مەنىسى: بۇ، تولىمۇ بولۇمسىز كىشىلەرنى سۆپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**ئون ئاپپىقنى بىر پۇلغا ئالما، پىتىنىڭ ئاپپىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنى سەۋرچان، تەمكىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

**ئون ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا. (ئون پوچىدىن بىر ئىشلىگەن ئەلا.)**

مەنىسى: بۇ، ئەمەلىيەتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئون كۆرگەندىن بىر ئىشلىگەن ئەلا.**

مەنىسى: بۇ، ئون ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، دېگەن مەنىدە.

**☜ ئون بالىنى بىر ئاتا باقار، ئون بالا بىر ئاتىنى باقالماس.**

مەنىسى: بۇ، بالىلارنى بولۇمسىز بېقىشنىڭ پۇشايمىنى مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئون قېتىم ئويلا بىر قېتىم سۆزلە.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۇچۇن چوڭقۇر ئويلىنىپ گەپ قىلىشنىڭ لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئون كۈن ئاچ قالساڭمۇ بىر كۈن نومۇس ساقلا.**

مەنىسى: بۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىچىدە، ئەڭ مۇھىمى نومۇس ساقلاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئويناپ تۇرساڭمۇ ئويلاپ تۇر.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا پىكىر يۈرگۈزۈشتىن، تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپ قالماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئويناپ ئۆگەنمەي ئويلاپ ئۆگەن.**

مەنىسى: بۇ بىلىم ئۆگىنىشنىڭ تەپەككۇر قىلىشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئويۇپ يېسەڭ ئون كۈن كېتەر، قىرىپ يېسەڭ قىرىق كۈن يېتەر.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۇچۇن تېجەشلىك بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ،

☜ ئۆيىدە بار ئۆيىدە يوق.

مەنىسى: بۇ، خىيال قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوت بىلەن ئويناشماق.

مەنىسى: بۇ، قارامىلىق ۋە تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۆز ھالاكىتىنى تېزلەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوتتا تونۇتماي، يوقتا تونۇتايدىغان.

مەنىسى: بۇ، يامان دەپ ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئاخىر ھەقىقىي يامانغا يولۇققانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ئوتنەك قىزىپ يوقتەك سوۋۇماق.

مەنىسى: بۇ، ئاكتىپلىق، قىزغىنلىقنىڭ نورماللىسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوتتۇرىدا قاشقار بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەپ كېتىدۇ

مەنىسى: بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئەگەر قانۇننىڭ چەكلىمىسى بولمىسا، كىشىلەر بىر - بىرىنى نابۇت قىلىپ تاشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ يوق بىلەن ئېغىز ئاچماق.

مەنىسى: بۇ، بىرەر يامان ئىش بىلەن پۈتۈن ياخشىلىقنى يۇيۇپ تاشلىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.



☞ **ئوت قويرۇقلۇق قىلماق.**

مەنىسى: بۇ، قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقنى بىراۋنى ۋەسۋە-سىگە سالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن ئىچىدە كۆيگەن ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، ئەمەلىيەتكە بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

☞ **ئوتنى پۈپۈلىساڭ ئۆچىدۇ، قوشناڭنى كوچىلىساڭ كۆ-چىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

☞ **ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، خاتالىق، جىنايەتنى كىم ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى شۇ تارتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق.**

مەنىسى: بۇ، ھەممە شەرت - شارائىتنىڭ ھازىرلىنىپ بەرمەيدىغانلىقىنى، مەلۇم تەرتىپى ھازىرلانسا، مەلۇم تەرتىپى ھازىرلانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماق.**

مەنىسى: بۇ، بىر مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن

خىزمەت قىلمىغانلىقنى يەنى مەسىلىنىڭ كىچىكلىكى ئۇچۇن ئەمەس، چوڭلىقى ئۇچۇن قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئورنىغا يۇشۇپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئوشۇقى ئالچۇ قوپماق.**

مەنىسى: بۇ، ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك.**

مەنىسى: بۇ، ئەسكى - يامان ئىش قىلىپ قويغۇچى دائىم خۇدۇكسىنىپ، دەككە - دۈككىدە قالىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىپ ئېلىنغان نەرسە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى، ئۇ بەربىر باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئوغۇل تۇغسا ئۆزىدىن، قىز تۇغسا باشقىلاردىن كۆرمەك.**

مەنىسى: بۇ، ئۇتۇق - نەتىجىنى ئۆزىگە تەن قىلىۋېلىپ، مەغلۇبىيەتنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئوقنى نىشانغا ئاتماق.**

مەنىسى: بۇ، سۆز - ھەرىكەتنىڭ مەقسەتلىك بولۇشىنى

بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوقى قارىغا تەگمەسلىك.

مەنىسى: بۇ، مەقسەت، مۇددىئاغا ئېرىشەلمىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئوڭ يېنىدىن قوپماي، سول يېنىدىن قوپقاندەك.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ ئەتىگەندىلا ئەسەبىيلەشكەنلىكىنى، خۇيلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئون كۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان.

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىمىغان ياش ئوغۇل ـ قىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئېچىنىپ ئېيتىلىدۇ.

☜ ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار.

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇش بىر خىل ئۆتمەيدىغانلىقىنى، بەزىدە ياخشى ئەھۋالنىڭ يامان ئەھۋالغا ئۆزگىرىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئون ئۆلۈپ بىر تىرىلمەك.

مەنىسى: مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلمەك دېمەكلىكتۇر.

☜ ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە.

مەنىسى: بۇ، سۆز قىلغاندا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى، تەسىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان ئويلاش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

**ئويلىماي سۆزلىسەڭ ئاغرىماي ئۆلىسەن.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ تولىراق ئېغىزدىن خاتالىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئوسۇرغاقتا ئارپا نېنى باھانە بولۇپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ بۇزۇلۇشىغا سۇبيېكتىپ جەھەتتىن سەۋەب ئىزدىمەي، ئوبيېكتتا ئارتىپ قويغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## ئۇ

☞ **ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ روھى چۈشكۈنلۈكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەسلىك.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلىمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئۇ دۇنيالىق بۇ دۇنيالىق بولۇپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئۇزۇن بۆك كىيدۈرمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنى غەيرىي مۇددىئا بىلەن ماختاپ، ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامغا يورغىلار.**

مەنىسى: بۇ، ئەمەلىيەتنى بىلمىگەن بىراۋنىڭ ئۆز سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بىلەن ئىش كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇسسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا يەر تارلىق قىلىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمايدىغانلىقىنى، ئوچۇق - ئاشكارا ئېتىراپ قىلمىغانلار بىرمۇنچە باھانە - سەۋەب كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇ قۇلاقتىن كىرىپ بۇ قۇلاقتىن چىقىپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىر سۆزگە پەرۋاسىزلىق قىلغانلىقنى، سۆزنى ئەستە تۇتمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇمىچى قايناپ تۇرماق.**

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇشنىڭ قەدىر ئەھۋال ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، كىشىگە موھتاج ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇمىچى يوق مازاردىن شەيخ قاچار.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر مەنپەئەت چىقمىغان ئىشتىن قاچقانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ قىلغىنى بىلەن ئۆزىنى بابلاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك.**

مەنىسى: بۇ، تىرىپىرەن بولۇپ پىتىراپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۆۋىنى چىشى قۇش ياساپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئائىلىدە ئاياللارنىڭ رولى ئىنتايىن زور-لۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئۇياقىقا ئۆتۈپ بۇياقىقا قاراپ قالغان.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا تەنقىد ياكى تەنبىھ بېرىپ، مېڭى-سىنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇچرىغانغا سالام قىل، ئۆز يولۇڭنى داۋام قىل.**

مەنىسى: بۇ، بىرى، باشقىلارغا سالام قىلىشنىڭ بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرى، باش-قىلارغا ئاۋۋال سالام قىلىشنىڭ ساۋابى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇرۇق - تۇغقان بولسا ئەپ، ئۇندىن تېگەر نۇرغۇن نەپ.**

مەنىسى: بۇ، ئىناق - ئىتتىپاقلىقنىڭ خاسىيىتى كۆپ-لۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇستام زالىم بولسا شاگىرتى يارامسىق بولۇر.**

مەنىسى: بۇ، قاتتىق تەلەپچان ئۇستازدىن ئىقتىدارلىق شاگىرت يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇياققا تارتسام ئات ئۆلەر، بۇ ياققا تارتسام ھارۋا سۇنار.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى قىلىشتا ئىككىلىنىپ، بىرەر قارارغا كېلەلمىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇيات ئۆلۈمدىن قاتتىق.**

مەنىسى: بۇ، نومۇس تۇيغۇسىنىڭ تولىمۇ قەدىر - قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇيات تۇرغان يەردە ئىمان تۇرار، ئۇيات تۇرمىغان يەردە كۇمان تۇرار.**

مەنىسى: بۇ، ئۇيات يەنى نومۇس تۇيغۇسىنىڭ كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۇلاشتۇرغۇچى كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇستا ئوۋچى ئىز تونۇر، زېرەك يىگىت قىز تونۇر.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى بىلىش ئۈچۈنمۇ بىلىم كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۈيقۇڭ كەتسە - كەتسۇن، ۋاقتىڭ كەتمىسۇن.**

مەنىسى: بۇ، ۋاقىتنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇياتسىز مۈشۈككە قازاننىڭ ئىشكى ئوچۇق.**

مەنىسى: بۇ، نومۇسسىزلارغا جاھاننىڭ بارلىق ئىمكاند-

يەتلىرى ئوچۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆرۈشقاق خوتۇن ئەرنى قېرىتار، ئاغۋاقار يىلتىزى يەرنى قېرىتار.**

مەنىسى: بۇ، ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆرۈشقاق بالا پۇتقا چۈشەك.**

مەنىسى: بۇ، بالىلارنى تەرتىپلىك ۋە ئەدەپلىك تەربىيەلەشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇستا قانداق بولسا شاگىرتى شۇنداق بولار.**

مەنىسى: بۇ، ئۇستازنىڭ شاگىرت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى زور بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇستازى زىرەك بولسا، شاگىرتى روناق تاپار.**

مەنىسى: بۇ، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئۇستازغا قاراپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆچقۇندىن قورققان تۆمۈرچى بولماس، كۆلخاندىن قورققان كۆمۈرچى بولماس.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق كەسىپنىڭ جاپاسى ۋە خېيىم-خەتىرى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇلۇغ سۇ شەپە قىلماس، بىلىملىك كىشى ھەيۋە قىلماس.**

مەنىسى: بۇ، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ تەمكىن ۋە سىپايە

كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇماچنىڭمۇ ئۆتتىسى بار.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئاز ياكى كىچىك نەرسىنىمۇ ۋاقتى كەلگەندە، ھەسسىلەپ قايتۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۇ سېنىڭچە بولمىسا، سەن ئۇنىڭچە بول.**

مەنىسى: بۇ، ئۇ قانداق مۇئامىلە قىلسا، سەنمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىل، يەنى ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە قاراپ دەم دېگەندەك...

# ئۆ

**☞ ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن غەلىبىگە قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☞ ئۆپكىسى تۆگەپ كانىيى قاپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ پەقەت ئازلا بىر قىسمى قالغانلىقىنى، بەرداشلىق بېرىشنىڭ تولىمۇ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☞ ئۆتمە نامەرت كۆۋرۈكىدىن سۇ سېنى ئاقتۇرسىمۇ، يېمە نامەردنىڭ ئېشىنى ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ.**

مەنىسى: بۇ، نامەرد ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☞ ئۆردەكتە مېھمان قىلغاننى غاز بىلەن كۈتۈۋال.**

مەنىسى: بۇ، مېھماندارچىلىق قەرزىنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☞ ئۆردەككە سۇ يۇقماس.**

مەنىسى: بۇ، بەزى ئادەملەرگە قانچە قېتىملاپ سۆز-

لىسىمۇ، ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىـ نىلىدۇ.

☜ ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلىماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆز بالاڭدىن ئەيىب ئۆتسە، ياتقا شىكايەت قىلما.

مەنىسى: بۇ، بالا تەربىيىسىدە مۇستەقىل، دادىل بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى، ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرمە.

مەنىسى: بۇ، ئۆزۈڭنىڭ كۆزىگە سىغمىغاننى باشقىلارغا تاڭما، دېگەن مەنىدە.

☜ ئۆز ئورلۇقۇڭ چاندىن ئۆتەر، يات ئورلۇقى ياندىن ئۆتەر.

مەنىسى: بۇ، ئۆز قېرىندىشىنىڭ قىلغان زۇلمىنىڭ تولىمۇ قاتتىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن يات قەدرىنى بىلمەس.

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلمىغاننىڭ باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش ئادىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆز كۆشنى ئۆز يېغىدا قورۇپتۇ.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن بابلىـ غانلىقىنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **ئۆزگىنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالداپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنى ئالدىغانلىقنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئۆزگىنىڭ سۆزىگە ئىشەنگۈچە، ئۆزۈڭنىڭ كۆزىگە ئىشەن.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كەتمەي، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئۆزلىرى بولالمايتتىلا، بولغاننى كۆرەلمەيتتىلا.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **ئۆزۈڭدىن يۇقىرىغا قاراپ پىكىر قىل، ئۆزۈڭدىن تۆۋەنگە قاراپ شۈكرى قىل.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم بولۇشتا ئوتتۇراھال پوزىتسىيە تۇتۇشنىڭ تولىمۇ ئاقىلانە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئۆزۈڭنى ئاتما داستىخانغا، ھاجەت چۈشمەس لوقمانغا.**

مەنىسى: بۇ، ساغلاملىق ئۈچۈن ئاز يېيىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ئۆزۈڭنى بىر ماختىساڭ، دوستۇڭنى ئىككى ماختا.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارغا ياخشى گەپ قىلىشنىڭ ناھايىتى ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزۈڭنى نار قىلغۇچە كۆپۈڭنى نار قىل.

مەنىسى: بۇ، ئادەم بولۇشتا، ئىش ـ ئەمگەك قىلىشنىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزۈڭنىمۇ بىل ئۆزگىنىمۇ بىل.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بىلىپ ئىش قىلىشنىڭ ئاقىلانە يول ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ماختىما، ئەل ماختىسۇن.

مەنىسى: بۇ، ئاۋۋال ئەلنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆز ئىچىڭگە سىغمىغان سىر ئۆزگىنىڭ ئىچىگە سىغماس.

مەنىسى: بۇ، سىرنى يوشۇرۇشنىڭ تولىمۇ تەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزىدىن نېرىكى يوق، كەپ ـ سۆزى ئۆڭكىدىن توك.

مەنىسى: بۇ، تەكەببۇر ئادەملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ رايىغا ياقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆز ئىشىغا پالۋان، ئەل ئىشىغا ئىلمان.

مەنىسى: بۇ، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى كىشىلەرنى سۆپەتلەش ئۇچۇن قوللىنىلىدۇ.



**ئۆزى قىلالمايدۇ، قىلغاننى كۆرەلمەيدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھەسەتخور كىشىلەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئۆزى مۈزلۈكنىڭ كېپى تۈزلۈك.**

مەنىسى: بۇ، گەپ ـ سۆزمۇ ئادەمگە قاراپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىنى ئايىغان سۇلتان، ئايىمىغان ئۇلتان.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى تىزگىنلىگەن تەمكىن ئادەملەرنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىنى بىلگەن خار بولماس.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى سوراشنىڭ تولىمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلار ئويلىغاننى بالدۇر ئويلاپ ئەمەل قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىنى سورىغان يۇرت سوراپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ، دېگەن مەنىدە.

**ئۆزىنىڭ ئۆيىنى يالاپ سۈپۈرەر، خەقنىڭ كۆرپىسىگە تۈكۈرەر.**

مەنىسى: بۇ، ھەممە ئۆينى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك كۆرۈشنىڭ

لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلما چەت بولىسەن، قەدىناستىن ئاي-رىلما سەت بولىسەن.**

مەنىسى: بۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلار بىلەن ئىـ-ناق ئۆتۈشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئۆگىزىنىڭ ئايىغى بولغۇچە، موزاينىڭ بېشى بول.**

مەنىسى: بۇ، كىچىك بولسىمۇ، ئىشلەمچى بولماي، ئىش بېشى ياكى خوجايىن بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئۆگەنسەڭ ھۈنەر، تېرىساڭ ئۈنەر.**

مەنىسى: بۇ، ئۆگەنگەن ھۈنەرنى ئىشلىتىشنىڭ پايدىسى زورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئۆگىنىش ئۆچۈن ئۆگەن، ئىشلىش ئۈچۈن بەر.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىلىمنى ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇماسلىق لازىملىقىنى كۆر-سىتىدۇ.

**☜ ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر بىلەن ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئۆي تۆرىدىن ئورۇن ئالغۇچە، كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئال.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىگە ئېرى-

شىشىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيدە راھىتى يوقنىڭ كوچىدا پاراغىتى يوق.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق شارائىتتىكى ئىش ـ ھەرىكىتى ئائىلىدىكى رولىدىن يىراقلاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆيدە قىلغان گەپ بازارغا توغرا كەلمەپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەپتۇ، دېگەن مەنىدە.

**ئۆيدىكى پۇل ئوق پۇل، قەرز بەرگەن پۇل يوق پۇل.**

مەنىسى: بۇ، ئىقتىسادىي مەسىلىگە سەزگۈر پوزىتسىيىدە بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆي مۈشۈكىنى تالا مۈشۈكى قوغلاپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ يات تۇرۇپ، باشقىلارنى يەكلىگەنلىكىنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئۆينىڭ كۆلى خوتۇن، چىرىغى ئەر.**

مەنىسى: بۇ، ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ئائىلىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، تۈۋرۈكى، بەرىكىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆپكىسى تۆكەپ كانىيى قالماق.**

مەنىسى: بۇ، بىر نەرسىنىڭ كۆپ قىسمى تۆگەپ، ئەرزىمەس ئازلا قىسمى قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆپكىدەك بولۇپ كەتمەك.
مەنىسى: بۇ، قاتتىق ئىزا تارقانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالماق.
مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ كارامىتى قانچىلىك ئىكەنلىكى ئاشكارا بولۇپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىر يوررۇقۇڭنى قۇرۇتما.
مەنىسى: بۇ، ئۆتۈپ كەتكەن جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنـ- لەرنى ئۇنتۇپ قالغاندا، كېيىنكى بەختىيار كۈنلەرنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆتكەن ئۆمۈر ئاققان سۇ.
مەنىسى: بۇ، ئۆمۈر ئاققان سۇدەك ئۆتۈۋېرىدىغانلىقنى، بۇ ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدىغانلىقنى، شۇڭا ۋاقىتنى قەدىر- لەپ، ۋاقىتنى زايە قىلىۋەتمەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولماق.
مەنىسى: بۇ، ئاچچىقنىڭ پەۋقۇلئاددە قاتتىق كەلگەنلىـ- كىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ئۆپكىگە يان قايغۇسى قاسساپقا ماي قايغۇسى.
مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ چوڭ زىيىنى ھېسابىغا ئۆ- زىنىڭ ئاز مەنپەئىتىنى كۆزلىگۈچىلەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئۆپكىنىڭ ئۆچۈق تۇرسا ھېچكەپ يوق، قوينىڭ ئېچىلىپ قالسا ھايت - ھۇيت.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ كەمچىلىك - قۇسۇرىنىلا كۆ-رۈپ، ئۆزىنىڭ كەمچىلىك - قۇسۇرىنى كۆرمەيدىغان ئادەملەر ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا بېرىلگەن تەنقىد، تەنبىھنىڭ ۋە كۆرۈلگەن چارىنىڭ ھېچ تەسىر قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئۆردەكنىڭ گۆشنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدا بول.**

مەنىسى: بۇ، بىرىنچى قەدەمنى بېسىپ بولغاندىن كې-يىن، ئىككىنچى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا ئويلىنىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بولار.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە تەسىرى ئۆتىد-دىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپماق.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز - ئۆزىگە زەرەر يەتكۈزگەنلىكنى، ئۆ-زىنى ھالاكەتكە تۇتۇپ بەرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى ئۆزگىگە راۋا كۆرمە.
مەنىسى: بۇ، ئۆزىگە پايدىسىز، زىيانلىق دەپ بىلگەن ئىشنى، باشقىلار ئۈچۈنمۇ قىلماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

☜ ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي.
مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئويلاشقا باشقىلار بىلەن كارى بولماسلىققا ئۈندەيدۇ.

☜ ئۆزۈڭنى ئەر ياغلىساڭ، باشقىلارنى شىر ياغلا.
مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتماسلىق، باشقىلارنى بولسا، ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرمەسلىك توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

☜ ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.
مەنىسى: بۇ، قولۇم ـ قوشنىلاردىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ، ئىناقلىققا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا.
مەنىسى: بۇ، ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان چاتاق ياكى ئاۋارىچىلىكنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتماي ئىلاج يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزۈمنى ياغلىماي شىلتىك ئېتىپتىمەن، پالازغا يۆگىسىپ ھەيتە يېتىپتىمەن.
مەنىسى: بۇ، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلىماي

قىلىنغان ئىشنىڭ كىشىلەرگە تۇرلۇك كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزۈم يەي دېسەم ئىسست ئېشىم، كىشىگە بېرەي دېسەم سېسىق ئېشىم.**

مەنىسى: بۇ، پىخسىق، كىشىگە نەپ بەرمەيدىغان كىشىلەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئۆز قازىنىنى ئۆزى قايناتماق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە موھتاج بولماي، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامداۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆز گۆشنى ئۆزى يېگۆدەك بولماق.**

مەنىسى: بۇ، دىققەتچىلىكنى، خاپىلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆز گېپىنى يورغۇلاتماق.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز گېپىنى راست قىلىپ، باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالماق.**

مەنىسى: بۇ، باشباشتاقلىق ۋە تەشكىلسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزى بولالمايدۇ، بولغاننى كۆرەلمەيدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھەسەتخور، ئىچى تار ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى يىقىلماق.

مەنىسى: بۇ، بىراۋ ئۈچۈن زىيانكەشلىك ئويلىغان ئادەم ئۆزى زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزىگە توپا قوندۇرماسلىق.

مەنىسى: بۇ، كەمچىلىك ـ خاتالىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزىگە يارىغان تونغا ياراپتۇ.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ، يارىتىپ قىلغاندىلا، ئۇ ئىش باشقىلارغىمۇ يارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزىنى سورىغان قازىنىڭ ئالدىغا بارماپتۇ.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى ھەرقانداق ئىشتا ئادىللىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

☜ ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالماي قالماق.

مەنىسى: بۇ، ئىسسەنگىرەپ كەتكەنلىكىنى، ھولۇقۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرماق.

مەنىسى: بۇ، بىر ئادەمنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى، قىزغىنلىق ـ ئاكتىپلىقىنى، پىداكارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ئۆزىنى ئېلىپ قاچماق.

مەنىسى: بۇ، مەسئۇلىيەت ـ جاۋابكارلىقتىن قاچقانلىق-نى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇماق.

مەنىسى: بۇ، ئىشتىن بۇرۇن چارە ـ تامال قىلماي، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئامال ئىزدىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆلگەندىن كېيىن يىغلىغۇچە ئۆلمەستىن بۇرۇن سەۋەب قىل.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ يامان ئاقىۋەت بىلەن تۈگى-مەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىنئالا تەدبىر كۆرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك.

مەنىسى: بۇ، بىر كېلىشمەسلىك، كۆڭۈلسىزلىك ئۈس-تىگە باشقا بىر كېلىشمەسلىك، كۆڭۈلسىزلىك كەلگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.

مەنىسى: بۇ، ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

☜ ئۆي ئالما، قوشنا ئال.

مەنىسى: بۇ، قوشنىلارنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ئۆي ئەنسىزچىلىكىدىن گۆر ئەنسىزچىلىكى ياخشى.

مەنىسى: بۇ، ئۆيدىكى غەۋغا، تالاش ـ تارتىشلار تۈپەيلى بولىدىغان خاتىرجەمسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☞ ئۆيدە بوران ئۈچۈپ يۈرمەك.

مەنىسى: بۇ، بىر ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن قىيىنـ. لىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەس.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ ئالدىنئالا ئويلىغاندەك بولـ. مايدىغانلىقىنى، يەنى سۇبيېكتىپنىڭ ھامان ئوبيېكتىپقا ئۇيـ. غۇن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ئۈ

☜ **ئۈچ قېتىم پىچاق سورىمىغۇچە، كىشىگە پىچاق بەرمە.**

مەنىسى: بۇ، خەتەرلىك بۇيۇملارنى يەڭگىللىك بىلەن ئىشلىتىشتىن هەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۈزۈلگەن يىپنى ئۇلىساڭ تۈگۈنچەك قالار.**

مەنىسى: بۇ، يېقىن كىشىلەرنىڭ جېدەل ـ ماجىرا قىلىـ غاندىن كېيىن ياخشى بولۇشۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ يەنىلا ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى بۇنداق جېدەلـ نىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۈلپىتىڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق.**

مەنىسى: بۇ، ياخشى، مۇنەۋۋەر كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئۈمىد ئادەمنى ياشارتىدۇ، غەم ـ قايغۇ قېرىتىدۇ (ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ).**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەردە ئۈمىد ـ ئارزۇنىڭ بەك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يەنى ئۈمىد يوق يەردە ئىراده يوق دېسىمۇ بولىدۇ.

☜ **ئۈندۈرگەن زىرەكلىك، قورۇتقان نادانلىق.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر ياخشى ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشـ

نىڭ خاسىيىتى زورلۇقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئۆچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشقا ئەجىر سىڭدۈرمەي، ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشنى ئويلىغۇچىلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئۆجمىلىك باغقا كىرىپ قالماق.**

مەنىسى: بۇ، قايسىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى ئالماسلىق-نى بىلەلمىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆپكەي ئۆزۈلۈپ كەتكۈدەك بولماق.**

مەنىسى: بۇ، قاتتىق كۈلۈپ، تېلىقىپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماق.**

مەنىسى: بۇ، بەس تالاشقانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزەڭگىدىن چۈشمەسلىك.**

مەنىسى: بۇ، ھەيۋىسى سۇندۇرۇلغان، بۇرۇنقى ئورۇن ـ مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، مەنمەنلىكنى قويـ-مىغان، ئۆز ھالىغا باقماي، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان شە-ىسلەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئۆتنە ـ مارجان تاش ئىكەن، ئارپا ـ بۇغداي ئاش ئىكەن.**

مەنىسى: بۇ، ئاشلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، ۋاقتى كەلگەندە دەپئى ـ دۇنيانىڭ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ۋ

☜ **ۋاراقلىسا ئوقۇغان بولامدۇ، موكا ئاتسا توقۇغان بولامدۇ؟**
مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشنىڭ رولى چوڭ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ۋاقتىڭ كەتتى ـ بەختىڭ كەتتى.**
مەنىسى: بۇ، ۋاقىتنىڭ ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ۋاقىت ئەڭ ئادىل سوتچى.**
مەنىسى: بۇ، نۇرغۇن باھا بەرگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا ۋاقىتنىڭ ناھايىتى ئادىل باھاچى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ۋاقىتتىن ئالتۇن كېلەر، ئالتۇنغا ۋاقىت كەلمەس.**
مەنىسى: بۇ، ۋاقىتنىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ۋاقىت گويا ئاتقان ئوق، ئۆتۈپ كەتسە يېنىشى يوق.**
مەنىسى: بۇ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ۋاقىتنى سېتىۋالغىلى بولماس.**
مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق چاغدا، ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ

قويغاندا، ئۇنى قايتۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ۋەتىنىڭنىڭ بىر مىسقال تۇپىسى، بىر سەر ئالتۇنغا باراۋەر.
مەنىسى: بۇ، ۋەتەنىنىڭ بىر چىمدىم تۇپىسىنىمۇ قەدىر-لەش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ۋەدىڭگە بىرىپ خەۋ قىل.
مەنىسى: بۇ، ئۆز ئەھۋالىڭغا يەنى ئېھتىياجىڭغا قاراپ خەجلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ۋەدە - قەرز دېمەكتۇر.
مەنىسى: بۇ، ۋەدىگە ۋاپا قىلماقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ۋەدىسىگە كىشىكى قىلسا خىيانەت، ئۇندىن نېرى كېتەر دىيانەت.
مەنىسى: ۋەدىگە ۋاپا قىلماقلىقنىڭ ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ۋىجدانسىز بوش.
مەنىسى: ئىرادە - ئىشەنچىنىڭ، غەيرەتنىڭ بوشلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ۋىجدانسىز بوشاپ كەتمەك.
مەنىسى: بۇ، ئىرادىسىنىڭ سۇنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ۋىجدانسىز كەم (يوق).
مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ كەملى-كىنى بىلدۈرىدۇ.

## ئې

☜ ئېتىنى بەختىيار قويسام، خۇدا بەرمەپتۇ بەختىنى.
مەنىسى: بۇ، بەزى ئادەملەرنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق.
مەنىسى: بۇ، نامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا لايىق ئىقتىدارى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئېرىنچەك بولساڭمۇ، كۆڭۈلچەك بولما.
مەنىسى: بۇ، توغرىلىقنى ئۆلچەم قىلىش كېرەكلىكىنى، كۆڭۈلچەكلىك قىلىشنىڭ كىشىنى ھۆرمەتسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئەزىز تۇتساڭ ئېمىنى، يەيسەن شۇنىڭ ئېشىنى.
مەنىسى: بۇ، تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ، دېگەن مەنىدە.

☜ ئېزى ھەسەل، تولىسى بىمەسەل.
مەنىسى: بۇ، ئاز بولۇشنىڭ سەرخىل ۋە ساز بولىدىغان-

لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئېشەكتىن يىقىلغۇچە تۆگىدىن يىقىل.**

**مەنىسى:** بۇ، كىچىك ئىشقا ئەمەس چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئېشەككە باش بولساڭمۇ، دۈشمەنگە تاش بول.**

**مەنىسى:** بۇ، دۈشمەنگە بوشاڭ بولماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئېشەككە كۆپۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى.**

**مەنىسى:** بۇ، بىراۋدىن ئالالمىغان ئۆچىنى يەنە بىراۋدىن ئېلىشنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئېشەككە بىلىپ مۈڭگۈز بەرمىگەن خۇدايىم.**

**مەنىسى:** بۇ، بەزى ئادەملەرنىڭ ئىشلارنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇيرۇقىنى كەس.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشىشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ.**

**مەنىسى:** بۇ، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانلارنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.



**☜ ئېگىلگەنگە ئېگىل بېشىڭ يەرگە يەتكۈچە، غادايغانغا غادايغىن بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاشقا ئۈندەيدۇ.

**☜ ئېگىلمىگەنگە ئېگىشمە.**

مەنىسى: بۇ، يۇقۇشمايدىغان ئادەمگە يېقىن يولىما دېگەن مەنىدە.

**☜ ئېيتقۇچى ئاقىل بولسا، ئاڭلىغۇچى ماقۇل بولىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، گەپ ـ سۆزنىڭ ئىلمىي، ئورۇنلۇق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئېتىمنى تاغقا باغلىدىم، ئۆزۈمنى خەققە باغلىدىم.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز ئەركىنلىكىنى باشقىلارغا تاپشۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئېتى ئۇلۇغ سۈپرىسى قۇرۇق.**

مەنىسى: بۇ، قۇرۇق نامىلا بار، ئەمەلىيەتتە ھېچ نەرسىسى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئېپىشقان يەرگە تۈز سەپمەك.**

مەنىسى: بۇ، قوتراتقۇلۇق قىلغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق دەرد ـ ئەلەم، غەزەپنى ئارتتۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئېرىقنى ئويۇپ چاپ، سۇنى ئويناپ تۇت.

مەنىسى: بۇ، چەككەن جاپانىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، جاپا چېكىشتىن قورققاندا تېخىمۇ نۇرغۇن جاپالارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئېرىنسەڭ يۈگۈرەرسەن.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشتا ھۇرۇنلۇق قىلغاندا ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى بولمايلا قالماستىن، يەنە ئۇ ئىش بۇزۇلۇپ، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئېزى بەھسەل، تولىسى بىمەسەل.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ چېغىدا بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر ئۇ چەكتىن ئېشىپ كەتسە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئېسىڭ باردا ئېتەك ياپ.

مەنىسى: بۇ، كېيىنلىكنى ئويلاپ، تۇرمۇشنى بەلگىلىك بىر يولغا سېلىشنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئېشەككە ئالتۇن ئېگەر توقۇلسىمۇ، يەنىلا ئېشەكتۇر.

مەنىسى: بۇ، ئەسكى بىر ئادەم نەقەدەر يۇقىرى ئورۇندا بولسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئېشەككە كۆۋرۈك يەتمىسە تۇر توقۇمنى.

مەنىسى: بۇ، بىراۋدىن ئالالمىغان ئاچچىقنى باشقا

بىراۋدىن ئالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئېشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈۋالغۇچە.**

مەنىسى: بۇ، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن يەنە ئۆز بىلگىنىنى قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئېشەكنىڭ تۇمشۇقى ئاق بولغان بىلەن يېپىشى يوق.**

مەنىسى: بۇ، قىلىۋاتقىنى ئەدەپ ـ ئەخلاقىا، ئادەمگەر-چىلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇ-رۇپ، يەنە ئۆز ئەسكىلىكىنى قىلىدىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئېشەك ـ ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى رىقابەتنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئېشىكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە.**

مەنىسى: بۇ، پايدىسىدىن زىيىنى زور ئىشلارنى بىلدۈ-رۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئېشىكى تۆت پىشلىق بولماق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ «تەلىيى» ئوڭدىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ تېخى بىر قارارغا كېلىنمىد-گەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئېغىر بويىنى يەڭگىل قىلماق.

مەنىسى: بۇ، ھورۇنلۇق قىلماي، تېتىك بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئېغىرلىق راھمانلىق، يېنىكلىك شەيتانلىق.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

☜ **ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشماق.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ئىش كۆرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئېغىزنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا تولا گەپ قىلىپ سۆزگە كۆندۈرەلمىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئېلىپ ئالتە بولماپتۇ، يەپ يەتتە.**

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇشتا ئىلگىرى باسالمىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان يەنى ئېلىپنى تاياق دېيەلمەسلىك.**

مەنىسى: بۇ، خەت ـ ساۋاتى يوق، تازا قارا تۇرك ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئىلىپنى ئوقۇپ بەنى ئوقۇمىغان.**

مەنىسى: ئالسام بەرمىسەم.

**☜ ئىككىلەن باشنى قىلىچ كەسمەس.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى سەمىمىي، راستچىل بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

**☜ ئىككىلەنگە ئىككىلىكىن بېشىڭ يەرگە يەتكۈچە، كىمەيگەنگە كىمەيگىن بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز غورۇرىنى ساقلاش، باشقىلارنىڭ ئۆز غورۇرىنى ئاياغ ئاستى قىلىشىغا يول قويماسلىق، باشقىلار قانداق قىلسا سەنمۇ شۇنداق قىل دېگەن مەنىدە.

## ئى

☜ ئىتقا سۆڭەك تاشلىسا ھۇرمەس.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ ئارزۇسى قاندۇرۇلغاندا جىمىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئىت قورققۇنچاقنى چىشلەيدۇ.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى باتۇر بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

☜ ئىت قوغلىسا سۇغا قاچ، يىلان قوغلىسا قۇمغا قاچ.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەرنىڭ تەدبىرى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئىتمۇ كەمبەغەلگە قاۋايدۇ.

مەنىسى: بۇ، يار ـ يۆلەكسىز كىشىلەرنى ھەممە ئادەم بوزەك قىلغۇسى كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئىتمۇ ئۆز يالىقىدىن قىزغىنار.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ رىسقى ـ نېسىۋىسىنى جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىت مۈشۈكنى بۆيرۈسا، مۈشۈك قۇيرۇقىنى بۆيرۈپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋغا بۇيرۇلغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئىتنىڭ سۆرى باغلاقلىقتا، ئادەم سۆرى سالماقلىقتا.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ جەلپكارلىقى ئۇنىڭ تەمكىن، ئېغىر - بېسىق بولۇشىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى تۈلكە ياقتۇرماس.**

مەنىسى: بۇ، ئىش باشقۇرغۇچىلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بەك ئەقىللىق بولۇپ كېتىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى قىلىشتا، باشقىلارنىڭ نارازىلىق پىكىرلىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىت تۇرساڭ ئىككىسىگە باق.**

مەنىسى: بۇ، ئىتنى بېقىۋالغۇچىنىڭ سالاپىتىگە قاراپ، ئىتنىڭمۇ سالاپەتلىك بولىدىغانلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئىت تۇرغۇچىغا ئامراق.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ دۈشكەلەپ تۇرمىسا مىدىرلىمايدىغانلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئىت ئۈۋسىسا قاراپ يۈرسە، قوتۇر بولۇر.**

مەنىسى: بۇ، ھەركىمنىڭ ئۆز يۇرتى، ۋەتىنىگە مۇھەببىتىنى بارگى، نەپرەتى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئىت ۋاپا خوتۇن جاپا.**

مەنىسى: بۇ، خوتۇننى باشقۇرۇشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىت ئىتنى كۆرسە قاۋار.**

مەنىسى: بۇ، رىقابەتچىلەرنىڭ بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچكەن سۈيۈڭنى ئاچچىق دېمە، ياتقان يېرىڭنى قاتتىق دېمە.**

مەنىسى: بۇ، نەدە بولساڭ، شۇ يەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيت دېگەن مەنىدە.

**ئىچ كۆيەرلىك بولمىسا، ئىچىم كۆيىدۇ دېمە.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزۈڭ ئۆتتەك كۆيىدىغان ئىشىڭ بولسۇن دېگەن مەنىدە.

**ئىچى بوش تۇلۇق داراڭلايدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ بىلىملىك بولۇشى كېرەكلىكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.



☜ **ئىچى پىشمىسا تېشىغا چىقماس.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئوي - پىكىرنىڭ ئاۋۋال ئىچكى دۇنيادا بەرپا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىچى تارغا دۇنيامۇ تار كۆرۈنەر.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ئازادە، ئوچۇق - يورۇق يۈرۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئىچى تارنىڭ قورسىقىغا تېرىق پاتماس.**

مەنىسى: بۇ، ئىچى تار، ھەسەتخور ئادەملەرنىڭ ھەممە ئادەم بىلەن سىغىشالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىچىدە روزا تۇتۇپ، تېشىدا ھېيت ئويناپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىگە چاندۇرماي خۇشال يۈرگەن بىلەن غېمى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىچىملىك بالا ئەمەس، ئىچىملىككە بېرىلىش بالا.**

مەنىسى: بۇ، يامان ئىشقا كىرىشىپ كېتىشنىڭ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىچى ياماننى دوست دېمە، زاسۇينى گۆش دېمە.**

مەنىسى: بۇ، ھەسەتخور ئادەملەردىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىخلاسمەن كۆپەيسە، ئىشان قۇترايدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ۋاي دەيدىغانلار بولسا، ، ھەرقانداق ئادەم-

ـنىڭ ئۆزىنى تۇتالماي قۇترايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىختىدا قىلسام ئىمامغا، ئەسقاتمىدى بىر نانغا.**

مەنىسى: بۇ، ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ، دېگەندەك ئۈمىد كۈتكەن ئىشتىن چاتاق چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ،

**ئىرادە پېنىقىشقا باغلىق، بىلىم توپلاشقا باغلىق.**

مەنىسى: بۇ، ئەسقاتقۇدەك بىلىملەر توپلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىرادىسى پىنك ئادەم، ئەل ئىچىدە جىنك ئادەم.**

مەنىسى: بۇ، ئىرادىلىك، قەيسەر ئادەملەرنىڭ ھامان كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىرغاينىڭ ئىگىلىكىنى سۈنغىنى، ئەرنىڭ ئۇيالغىنى ئۆلگىنى.**

مەنىسى: بۇ، ئۇيات ۋە نومۇسنىڭ ئەر ئۈچۈن ئەڭ زۆر-رۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىزدەشسە تۇغقان، ئىزدەشمىسە يات.**

مەنىسى: بۇ، يېقىن ئۆتۈشنىڭ مېھىر - مۇھەببەتنى كۈچەيتىدىغان ۋاستە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىزدىسەڭ تاپارسەن، تىرىساڭ ئالارسەن.**

مەنىسى: بۇ، ھەرىكەت قىلغان چاغدىلا، ئۇنىڭغا لايىق ئۇتۇق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىسراپچىلىق نەدە ئەمگەك قىلمىغان يەردە. (ئىسراپچىلىق نەدە؟ تەر چىقمىغان يەردە. ئىسراپچىلىق نەدە؟ قەدرىنى بىلمىگەن يەردە.)**

مەنىسى: بۇ، تېجەشلىك بولۇش ئەمگەك ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىسسىتقان ئاشنىڭ تەمى بولمايدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئىشنى قىزىقىدا قىلغاننىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىشەندۈرەي دېسەڭ خەقنى، ئالتۇندەك قىل گەپنى.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلۇق گەپ قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بەزىدە ئادەم ئۆزى ئەڭ ئۈمىدۋار بولغان ئىشتىن چاتاق چىقىدىغانلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ ئىشچان بولساڭ ئېشىقنى يەيسەن، ھورۇن بولساڭ بېشىقنى يەيسەن.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن ئىشچان بولۇشنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىشچان خوتۇن تاماققا ئامراق، ھورۇن خوتۇن تاياققا ئامراق.**

مەنىسى: بۇ، ھورۇنلارنىڭ دانخور، دائىم دەككىسىنى يەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس، بەدخەجنىڭ قەرزى تۈگىمەس.**

مەنىسى: بۇ، تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىش سېنى يەڭمىسۇن، سەن ئىشنى يەڭ.**

مەنىسى: بۇ، ئىش سېنى بېسىۋالمىسۇن، ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا تامام قىلغىن، دېگەن مەنىدە.

**☜ ئىشلەپ تاپقان ھالال بولىدۇ، ھارام يېگەننى خۇدا ئۇرىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئىشلىگەن چىشلەيدۇ دېگەندەك، ئۆزى ئىشلەپ يېگەننىڭ مېۋىسى تاتلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى يەنە ئىش قىلىپ يېگەن ئىززەتلىك، چاپىناپ يېگەن لەززەتلىك دېگىلىمۇ بولىدۇ.

**☜ ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش، ئىشلىمىسەڭ قالىسەن تاتىلاپ باش.**

مەنىسى: بۇ، ئىشچان ئادەمنىڭ تاپاۋىتى كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.**

مەنىسى: بۇ، ئەمگەك بىلەن ئادەمنىڭ يۈزى - مەرتىۋد-

سى يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشنى قىل ئەپ بىلەن، بالىنى باشقۇر گەپ بىلەن.**

مەنىسى: بۇ، بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ نادىر ئۇسۇلى ئىش ياكى گەپ بىلەن قايىل قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشنى قىلساڭ پۇختا قىل خام قىلمىغىن، خۇدا ئۇرسا ئۇرسۇنكى غىڭ قىلمىغىن.**

مەنىسى: بۇ، ئىشنى تولۇق ۋە مۇكەممەل قىلغاندىلا، ئادەمنىڭ ئاندىن ھاردۇقى چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشنىڭ ئېپى سۆزدە، كۆڭۈلنىڭ ئېپى كۆزدە.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارغا ئەڭ تەسىر قىلىدىغان نەرسە گەپ ـ سۆز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشنىڭ يامىنى يوق، بىلىمنىڭ ئېغىرى يوق.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن بىلىم بىلەن ئىش قىلىشنىڭ چېكى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىش ئۈملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.**

مەنىسى: بۇ، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشقا قاراپ ئىشتىيىنى بىل، سۆزىگە قاراپ نىيىتىنى بىل.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە قاراپ،

قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشق ئوتى پۇۋ دېگەنگە ئۆچمەس.**

مەنىسى: بۇ، ئاشىقلىقنىڭ ئاسانلىقچە يىتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشتىن چىقساڭ ھاۋاغا باق، كېشىگە يولۇقساڭ پىرايىغا باق.**

مەنىسى: بۇ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ، سوراپ كىر.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنى ۋە ئۆزىنى ئاياشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى سەككىز ئون ئالتە.**

مەنىسى: بۇ، ئەھۋالنىڭ ئويلىغاندەك بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى قوشقار سوقۇشسا بۆرىنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، قېرىنداشلار ئۇرۇشسا، دۈشمەنلەر خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چاپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، كىچىككىنە بىر غەلىبىنى كۆرۈپ، ئۇنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ

**ئىككىسى رازى بولمىغان ئاش قورساق ئاغرىتار.**

مەنىسى: بۇ، نارازى بولغان بىراۋنىڭ قولىدىن ئاش يې-مەسلىك كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىلتىپاتنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق.**

مەنىسى: بۇ، ياخشىلىقنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىللا ـ بىللا ئەلىيۇل ئەزىم، ھەممىنى يەپ بولماق يەنىمۇ لازىم.**

مەنىسى: بۇ، ئىنساپ قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىلىم ـ بىلگۈچىدە، ئەقىل ـ سەزگۈچىدە.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى پاراسەت بىلەن بىلىم ئۆگە-نىشكە ئۈندەيدۇ.

**ئىلىمسىز ئادەم ـ مېۋىسىز دەرەخ.**

مەنىسى: بۇ، ئىلىملىك ئادەمنىڭ مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاش كىشىلەرگە نەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىناق ئەلدە رەھىم كۆپ، ئىناقسىز ئەلدە ۋەھىم كۆپ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەر ئارا رەھىم ـ شەپقەتنىڭ مۇھىم-لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىناقسىزنىڭ سۆزى كۆل، ئىناقلىقنىڭ سۆزى گۈل.**

مەنىسى: بۇ، ئىتتىپاقلىقنىڭ جانغا ئەسقاتىدىغانلىقىنى

بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىنەك تىلمۇرمىسە، بوقا ئارغامچا ئۈزمەس.**
مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدىغانلىقىنى، مەسىلىنىڭ بىر تەرەپتە ئەمەس، ھەر ئىككى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىنساپلىق دوست ئايرىلماس، (ھېسابلىق دوست ئايرىلماس).**
مەنىسى: بۇ، دوستلار ئارا ھەر جەھەتتىن باراۋەر بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىنساپى يوق بالا، سۈتى يوق كالا.**
مەنىسى: بۇ، بالىلاردا ئىنساب ـ ديانەت بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىنساپسىز قوشۇق سالسا يەتتە ئوتلاپتۇ.**
مەنىسى: بۇ، بەزى ئادەملەرنىڭ قىلىقسىزلىقىنىڭ چېكىدىن ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىت تويغان جايدا تۇرار، قۇش قونغان جايدا تۇرار.**
مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆنگەن ماكانى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىت بىلەن يولداش بولساڭ قولۇڭدىن ھاساڭ چۈشمىسۇن.**
مەنىسى: بۇ، نىيىتى بۇزۇق يامان ئادەملەرگە نىسبەتەن

هوشيار بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىتتىن قورققان گاداي ئەمەس.**

مەنىسى: بۇ، ئۆلۈمدىن، خەتەردىن قورققان ئادەمنىڭ باتۇر سانالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىت سۆڭەك يېسە، كۆتى بىلەن كېڭىشەر.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئاقىۋەتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان ئويلاش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىت مۈشۈكنى بۇيرۇسا، مۈشۈك قۇيرۇقىنى بۇيرۇپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، بەزى ئىش خۇشياقماس ھۇرۇن ئادەملەرنى سۈپەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئىتمۇ ئۆز يالىغىنى قورۇيدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئاياللارنىڭ ئۆز ئەرلىرىنى باشقىلاردىن قورۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىتنىڭ بېشى تەخسىدە تۇختىماس.**

مەنىسى: بۇ، ئۆزىگە قىلىنغان ئىززەت ـ ھۆرمەتنى بىلمىگۈچىلەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **ئىتنى چىشلىمەيدۇ دېمە، ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە.**

مەنىسى: بۇ ھەربىر ئادەمنىڭ خۇي ـ پەيلىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىت ھۈرەر كارۋان يۈرەر.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق بىر ئىش ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن داۋام قىلىۋېرىدىغانلىقىنى، بەزى توسالغۇلار ئۇ قانۇنىيەتكە توسقۇن بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق.**

مەنىسى: بۇ، داۋىخور، داۋىسىنى بېرىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىت ئىتلىقىنى قىلمىسا، كۆڭلى تىنماس.**

مەنىسى: بۇ، دۈشمەن ۋە باشقا يامان ئادەملەر قاچانلا بولمىسۇن ئۆز ئەسكىلىكىنى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىت ئۆز ئىگىسىنى چىشلىمەس.**

مەنىسى: بۇ، ئۆز خەلقىگە، ئۆز ۋەتىنىگە نىسبەتەن يامانلىق ئويلىماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىچ ئات تارتسا شاھتۇ (ياندىق) تارتماسلىق، شاھتۇ تارتسا ئىچ ئات تارتماسلىق**

مەنىسى: بۇ، قەدەم بىرلىكى، پىكىر بىرلىكى يوقلۇقىنى، بىر ـ بىرىگە ماسلىشالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ئىچ پەش تارتىشىپ قالماق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كەتمەك، يەنى ئاپاق ـ چا-

پاق بولۇپ كەتمەك.

**ئىشەنمە سەن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە يۈزدە ـ يۈز ئىشىنىپ كېتىش توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىچىمۇ قارا تېشىمۇ قارا.**

مەنىسى: بۇ، نادان، مېھىرسىز قارا قورساق ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئىچى يامانىڭ كۆڭلى خۇش بولماس.**

مەنىسى: بۇ، ھەسەتخور، ئىچى تار ئادەملەر ھەر زامان ئاچچىق يۇتۇپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشتانغا چىقارغان كۆڭۈلگە تايىن.**

مەنىسى: بۇ، ھەركىمنىڭ قىلمىشى ئۆزىگە ئايان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشتىنى ئىككى بولۇپ قالماق.**

مەنىسى: بۇ، بىرى تۇرمۇشىنىڭ ھاللىنىپ قالغانلىقىنى، يەنە بىرى، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.**

مەنىسى: بۇ، ئەمگەكنى سۆيۈش شەرەپ ئىكەنلىكىنى، ئەمگەكنى سۆيمەسلىك نومۇس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.

مەنىسى: بۇ، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا ھەر ـ قانداق ئىشتا غەلىبە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئىش ئۇستىسىدىن قورقار.

مەنىسى: بۇ، ئىش ئەھلىنىڭ قولىدىن ھېچقانداق بىر ئىش قېچىپ قۇتۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئىككى دۇنيالىق بولۇشۇپ كەتمەك.

مەنىسى: يەنى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ كەتمەك دېگەنلىكتۇر.

☜ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلماق.

مەنىسى: بۇ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ـ لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئىككى قولنى بۇرۇنغا تىقىپ كەلمەك.

مەنىسى: بۇ، ھېچنەرسە ئالماي قۇرۇق قول كەلگەنلىك ـ نى بىلدۈرىدۇ.

☜ ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چالىدىغان.

مەنىسى: بۇ، بىرى، ئۆتكەن كۈننى ئۇنتۇپ قالغان، يە ـ نە بىرى، تۇرمۇشى رەتسىز، ھەم بىرنەرسىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ئىككى ئوتتۇرىدا قالماق.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ يا ئۇيان يا بۇيان بولمىغانلى ـ

قىنى، بىرەر مەسىلىگە نىسبەتەن ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى ئۆينىڭ قورغۇنلۇقى بىر ئۆيگە تاش بولار**

**مەنىسى:** بۇ، ئائىلىنى تېجەشلىك بىلەن باشقۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

**ئىككى ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان.**

**مەنىسى:** بۇ، بىراۋنىڭ ياشتا چوڭ، كۆپنى كۆرگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە باي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ئىككى ياغىشى ئارىسىدا قىل ئۆزۈلمەس.**

**مەنىسى:** بۇ، كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈ ـ شى لازىملىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

**ئىكىز ئوقۇرغا ئېسىلماق.**

**مەنىسى:** بۇ، بىرى، ئىمكانى بولمىغان ئىشلارنى قىلىش ـ قا زورۇققانلىقىنى يەنە بىرى، نام ـ ئورۇن دەپ يۇقىرىغا يا ـ ماشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## ي

☜ ياخشى بىلەن يۈرسەڭ، يامان بىلەن دۈشمەن.

مەنىسى: بۇ، ياخشى بىلەن يامانىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياتنىڭ ئوتىنى يۇۋۇلەپ ساقلى كۆيۈپتۇ.

مەنىسى: بۇ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ، ئازار يەۋېلىشنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياماندىن قۇتۇلماق تەس، ياخشىغا يېتىشمەك تەس.

مەنىسى: بۇ، ياخشىلارغا قوشۇلۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يولۋاس يوق يەردە ئېيىق چوڭ، كېمە يوق يەردە قېيىق چوڭ.

مەنىسى: بۇ، غوجامىنىڭ غوجىسى بارلىقىنى، چوڭچىلىق تالىشىشمۇ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يۆلىگى چوڭنىڭ يۈرىكى تاش.

مەنىسى: بۇ، ھىماتچىسى بارلارنىڭ ھېچنېمىدىن قورق-

مايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يىراقتىكى سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالماس.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن ھەممە نەرسىنىڭ قولايلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېگەننىڭ تىلى قىسقا، ئالغاننىڭ قولى قىسقا.**

مەنىسى: بۇ، بىراۋنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ قەرزدار بولۇپ قالغانغا ئوخشاشلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يات يېگۈچە دوست، تۇغقان ئۆلگۈچە دوست.**

مەنىسى: بۇ، تۇغقان - قېرىنداشلىقنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياماننىڭ سۈيىنى ئەكەلگۈچە قاپىقىنى چاق.**

مەنىسى: بۇ، باشقىلارنىڭ مىننىتىنى قوبۇل قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى قېنىڭغا يولداش، يامان پۇلۇڭغا يولداش.**

مەنىسى: بۇ، ھەمرا بولۇۋاتقانلارنىڭ ساڭا قايسى جەھەتتە ھەمراھ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشى كۈندە يات ياخشى، يامان كۈندە قېرىنداش ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، قېرىنداشنى ھەرقانداق چاغدا ئۇنتۇماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياۋاشنىڭ مۈشكۈزى ئىچىدە.

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئادەمدە ئاچچىق ـ غەزەپ بولىدىغانلىقىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ يول بەرمىگەن قول بەرمەس.

مەنىسى: بۇ، ئىززەت بولمىغان يەردە، ھۆرمەت بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يا قايىنامدىن چىقار، يا سايرامدىن چىقار.

مەنىسى: بۇ، كۆمسەم پىشامدۇ ياكى ياپسام پىشامدۇ دېمەي، تەۋەككۈل قىلىپ بېقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياتار قورساق ـ كېتەر قورساق.

مەنىسى: بۇ، كەچلىكى ئاز يېيىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئادەت ئىكەنلىكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ ياتقان قويغا يەم يوق.

مەنىسى: بۇ، ئىشلىمىگەن چىشلىمەيدۇ دېگەن مەنىدە.

☜ ياخشى ئات ئەر قانىتى، ياخشى ئەر ئەل قانىتى.

مەنىسى: بۇ، ئەرنىڭ ئەل ئىشى ئۈچۈن يارالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا مىڭ قامچا.

مەنىسى: بۇ، ئەقىللىق بالىلارغا كۆپ گەپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىدىغانلىقىنى، بىر قىسىم

ساپال قۇلاقلارغا قانچە قېتىملاپ گەپ قىلسىمۇ، سەرىمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ياخشى ئاتقا ئۆيۈڭنى سات.**

مەنىسى: بۇ، ياخشى ئات ئۇچۇن ئۆينى سېتىشقىمۇ ئەرزىيدىغانلىقى، مۇھىمى ئاتنى ئەتىۋارلاش ئىدىيىسىمۇ ئىپادىلەنگەن.

☞ **ياخشى ئات كۆندۈرۈشكە باغلىق، ياخشى بالا تەربىيىلەشكە باغلىق.**

مەنىسى: بۇ، بالا تەربىيىسىنىڭ ئات كۆندۈرۈشتىنمۇ قىيىن، زىل ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ياخشى ئادەم ئامانلىشىپ كۆپەر، يامان ئادەم يامانلىشىپ كۆپەر.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەرنىڭ ھەرقانداق چاغدا ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشىنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ياخشى ئادەمدىن ئات قالار، يامان ئادەمدىن داد قالار.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەر ئۇچۇن ياخشى نام - ئاتاقنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ياخشى ئادەم شادلىنار، يامان ئادەم دادلىنار.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەرنى ھەرقانداق ئىشتىن ئاغرىنىپ يۈرمەي، ئۈمىدۋار ياشاشقا ئۈندەيدۇ.

**☜ ياخشى بولساڭ ئېغىر بول، ئۇلۇغ بولساڭ كىچىك بول.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەرنىڭ تەمكىن، تونۇلغانسېرى كەمتەر بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى بولسا ئۆزىدىن كۆرەر، يامان بولسا باشقىدىن كۆرەر.**

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىشتا، بەزى ئادەمنىڭ كىچىككىنە تۆھپىنى ئۆزىنىڭ قىلىشىلىپ، كەمچىلىكنى باشقىلارغا ئىتتىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ سۆزلەيدۇ.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ يالغانچىلىقتا ئەمەس، ئورۇنلۇق، راستچىل سۆزلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى دوست جان دوست، يالغان دوست مال دوست.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەر ئۈچۈن مال ـ دۇنيا ئۈچۈن دوست بولغانلار ئەمەس، ئۆزئارا كۆيۈنىدىغان دوستلارنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشىدىن ئۆگەن، ياماندىن يىرگەن. ياخشىدىن ئۆلگە قالار، ياماندىن كۈلكە قالار.**

مەنىسى: بۇ، ياخشىدىن ئۆگىنىپ، ياخشىلارغا قوشۇلغاندىلا، ئادەمىيلىكتە روناي تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى سۆز سۆيۈندۈرەر، يامان سۆز ئۆكۈندۈرەر.**

مەنىسى: بۇ، ئادەملەرنىڭ تىلى، گېپى ئىنتايىن گۈزەل

ۋە ئورۇنلۇق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشىغا دەردىڭنى ئېيتساڭ بىلەر، يامانغا دەردىڭنى ئېيتساڭ كۈلەر.**

**مەنىسى:** بۇ، مۇڭدىشىشقىمۇ ئەڭ ئېسىل دوست لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشىغا نەزەر، يامانغا ھەزەر.**

**مەنىسى:** بۇ، يامانلاردىن يىراق تۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز.**

**مەنىسى:** بۇ، بىر قاراشنى بىلەر بىر ياخشى، يامان بىلمەس ئۇرساڭمۇ قامچا دېگەن مەنىدە.

**☜ ياخشىغا ياماق بول، يامانغا تاياق بول.**

**مەنىسى:** بۇ، ياخشىغا ياندىش ياكى قاياش بول دېگەن مەنىدە.

**☜ ياخشى قوشنا ئامەت، يامان قوشنا ئاپەت.**

**مەنىسى:** بۇ، ياخشى قوشنىدارچىلىقنىڭ تۇغقاندىن ئەتىۋار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى كۆرسەڭ دوستۇڭنى، ئايىمىغىن قېنىڭنى.**

**مەنىسى:** بۇ، دوستلۇقتا چىن، ئىخلاسمەن بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياخشى گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە، يامان گەپ يەتتە تاغدىن ئېشىپتۇ.**

مەنىسى: بۇ، ياخشى گەپكە قارىغاندا يامان گەپنىڭ تەسىرى، زىيانكەشلىكى زور بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياخشى گەپ جاننىڭ تىرىكى، يامان گەپ جاننىڭ ئېكىكى.**

مەنىسى: بۇ، تىلى گۈزەل بولۇشنىڭ خاسىيىتى زور ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياخشى گەپمۇ ئۈچ كۈن، يامان گەپمۇ ئۈچ كۈن.**

مەنىسى: بۇ، گەپ ـ سۆزدىن قورقۇپ كەتمەسلىك كېرەكلىكىنى، ئۇمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياخشى گەپ گۈل، ياخشى ئىش مېۋە.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى ياخشى گەپ قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

☜ **ياخشىلارغا تاتلىق بول، يامانلارغا قاتتىق بول.**

مەنىسى: بۇ، يامانلارغا كەسكىن بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياخشىلىق يەردە قالماس، بىلىملىك خار بولماس.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن بىلىملىك بولۇشنىڭ خاسىـ

يىتى زور بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى مېھمان غىزا ئۈستىگە كېلەر، يامان كىشى ئىزا ئۈستىگە كېلەر.**

مەنىسى: بۇ، مېھماندارچىلىقنىڭمۇ ياخشى كۆنلەردە بولۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشىنىڭ كېپى لەززەت، ياماننىڭ كېپى غەيۋەت.**

مەنىسى: بۇ، ياخشى سۆھبەتلەرگە قوشۇلۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشىنىڭ ئۆزى بولمىغان بىلەن يۈزى بار.**

مەنىسى: بۇ، ياخشى ئادەمنىڭ جىسمى بولمىغان بىلەن ئىناۋىتى، ھۆرمىتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشىنى يات ئىكەن دېمە، ياماننى ئۆز ئىكەن دېمە.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق چاغدا، ئادەمنىڭ مەيدانى توغرا ۋە ئېنىق بولۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ يارا ساقايسىمۇ، ئاغرىقنى ئۇنتۇما.**

مەنىسى: بۇ، ئاچچىقنى، ساۋاقلارنى ھەرگىزمۇ ئەستىن چىقارما دېگەن مەنىدە.

**☜ يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىشقىنى ئۆزۈڭ بىل.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ ئادەم بولمىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى كۆپرەك بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يارىماس كەپنى تىلىغدىن كورمەي، دىلىغدىن كور.
مەنىسى: بۇ، تىلنىڭ قانداق بولۇشى دىلنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياز بولسا قىش بولمىسا، ئاش بولسا ئىش بولمىسا.
مەنىسى: بۇ، ھۇرۇنلاردەك ئىشلىمەي، ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈش خىيالىدا بولغانلارنى سۆكۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ يازدا مۇشەققەت، قىشتا ھالاۋەت. يەنى يازنى ئىشلەپ ئۆتكۈز، قىشنى ئويناپ ئۆتكۈز.
مەنىسى: بۇ، قىشنىڭ تەييارلىقىنى يازدا قىلىۋالغانلارنىڭ قىشتا راھەت كۆرىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئىشتا پۇختا تەييارلىق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياش تۆككۈچە مۈشت تۆك.
مەنىسى: بۇ، ئۈمىدسىز بولغاندىن كۆرە، غەيرەتلىك بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياشلىقتا ئالغان بىلىم تاشقا ئويۇلغان نەقىشتەك، قېرىلىقتا ئالغان بىلىم قۇمغا ئويۇلغان نەقىشتەك.
مەنىسى: بۇ، بىرى، ياشلىقنىڭ ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئالتۇن ۋاقتى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرى، ياشلىقنى قەدىرلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياشلىقتا جاپا چەك، ھەسرەت چەكمە.
مەنىسى: بۇ، ياشلىقتا جاپا چەكسە، قېرىغاندا ھالاۋەت

كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياشلىقىڭ پادىشاھلىقىڭ ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر، تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن سېنىڭ يېنىڭغا كىم كېلۇر.**

مەنىسى: بۇ، ياشلىقنىڭ ناھايىتى جەلپكار، گۈزەل ئىد- كەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياشلىقىڭدا بولمىساڭ شىجائەتتە، ياشانغاندا قالىسەن نادامەتتە.**

مەنىسى: بۇ، ياشلىقنىڭ غەيرەت ـ شىجائەتتە ئۆتۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياشلىقىڭدا بىلمىدىڭ بىلىم قەدرىنى، قېرىغاندا تارتىسەن ئۇنىڭ دەردىنى.**

مەنىسى: بۇ، ياشلىقنىڭ قەدرىنى قىلماي، قېرىغاندا پۇشايمان قىلماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياشلىقىڭدىن ياخشى بول.**

مەنىسى: بۇ، ئۈمىدۋار، جۇشقۇن بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياغاچ قازان بىر قېتىم قاينايدۇ. يەنى ياغاچ قازاندا ئاش بىر قېتىم پىشىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق يالغانچىلىقنىڭ پەقەت بىر قې- تىملىق ئۆمرى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **تۇخۇمنى تاشقا ئاتقىلى بولماس. ياغاچنى تاشقا ئاتقىلى بولماس.**

مەنىسى: بۇ، كۈچلۈكنى ئاجىز بىلەن ئېلىشىشقا سالغىلى بولماس دېگەن مەنىدە.

☜ **ياغاچنى تۇتقۇزاي دېسەڭ مىقلا، ھورۇننى قوپقۇزاي دېسەڭ زىقلا.**

مەنىسى: بۇ، ھورۇنلارغا، ھورۇنسىمان ئادەملەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ، ئادەمنى تەربىيە.**

مەنىسى: بۇ، ئادەم ئۈچۈن تەربىيىنىڭ مەڭگۈلۈك لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياغاچنى ھەرە ئېكىدۇ، ھەقىقەتنى پارە ئېكىدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئەمەلدارلارنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياغاچنىڭ يۇمشىقىنى قۇرت يەيدۇ، ئادەمنىڭ يۇمشىقىنى ئادەم يەيدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئادەمنىڭ بەك بوشاڭ، يۇمشاق بولۇپ كەتمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياغ سۇغا يۇقماس.**

مەنىسى: بۇ، قىممەت قارىشى ئوخشىمىغان ئادەملەرنىڭ يېقىن دوست بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق.**

مەنىسى: بۇ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەردە دوست بول-غانلارنىڭ راھەتلىك كۈنلەرگە كەلگەندە، پايدا ـ مەنپەئەتنى دەپ بىر ـ بىرىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياغاق يېسەڭ چېقىپ يە، لەززىتىنى تېتىپ يە.**

مەنىسى: بۇ، ئەمگەك قىلىپ يېگەننىڭ لەززىتى كۆپلۈ-كىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.**

مەنىسى: بۇ، يالغانچىلىقنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى بىلدۈ-رىدۇ.

☜ **يا كۆڭلۈڭنى بەر، يا كۆڭلۈمنى ئال.**

مەنىسى: بۇ، ئادىمىيلىك مۇناسىۋەتتە، كۆڭۈللەر يېقىن ۋە ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **يەر ئاغدۇرساڭ كۈزدە ئاغدۇر، كۈزدە ئاغدۇرمىساڭ يۈز ئاغدۇر.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشنىڭ دەل ئۆز ۋاقتىدا بولۇ-شى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **يۈزۈمنىڭ قىلىنلىقى بېشىمنىڭ راھىتى.**

مەنىسى: بۇ، بەزى ئادەملەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن ھالقىپ، ئۆزىنىڭ نەپسىنىلا ئويلايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ يا ئاق ئەمەس، يا كۆك ئەمەس.**
مەنىسى: بۇ، بىر مەسىلىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل بىر تەرەپ بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ.**
مەنىسى: بۇ، بىقارارلىق، ئىككىلىنىش ۋە بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى ئاتقا بىر قامچا، يامان ئاتقا مىڭ قامچا.**
مەنىسى: بۇ، ئاڭلىق، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم بىلەن، ئاڭسىز، ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى ئاتقا قامچا كېرەك ئەمەس.**
مەنىسى: بۇ، ئاڭلىق ئادەملەرگە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**☜ ياخشى بولسا ئۆزىدىن، يامان بولسا باشقىلاردىن كۆرمەك يەنى. ئوغۇل تۇغسا ئۆزىدىن، قىز تۇغسا باشقىلاردىن كۆرمەك.**
مەنىسى: بۇ، ئۆزىنى ئاقلاپ، باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەمەك دېگەنلىكتۇر.

**☜ ياخشى بولسا ئېشىنى يەر، يامان بولسا بېشىنى يەر.**
مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ئىشقا ئاڭلىق مۇئامىلە قىلالايدىغان، ئەدەپ ـ ئەخلاق، قانۇن ـ ئىنتىزامغا ئوبدان رىئايە



قىلىدىغان ئادەملا جامائەتچىلىك ئىچىدە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھەم ئامىنى، تەشكىلنى رازى قىلالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئەخلىتىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى بىلەن دوست بولساڭ يېتەرسەن مۇرادقا، يامان بىلەن دوست بولساڭ قالارسەن ئۇياتقا.**

مەنىسى: بۇ، ياخشىنىڭ ياخشىلىقى يامانىنىڭ يامانلىقى تېگىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشى كەپ تاشنى يارار.**

مەنىسى: بۇ، ئىجابىي تەربىيىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى.**

مەنىسى: بۇ، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش ھەممىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ئەڭ مۇھىمى يامانلىققا ياخشىلىق قىلىش، بۇنى پەقەت مەسىلىگە ئاڭلىق، ئەتراپلىق قارىيالايدىغان ئادەملا قىلالايدۇ، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**☜ ياخشىلىق قىل دەرياغا سال بالىق بىلەر، بالىق بىلمىسە خالىق بىلەر.**

مەنىسى: بۇ، ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ يەردە قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **يارنىڭ ئۈستىگە تۈز سەپمەك.**

مەنىسى: بۇ، بىرى، دەرد ئۈستىگە دەرد كەلتۈرگەنلىكىنى، يەنە بىرى، ئىشنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ياز بولسا قىش بولمىسا، ئاش بولسا ئىش بولمىسا.**

مەنىسى: بۇ، ئىش خۇشياقماس، ھۇرۇن ئادەملەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☞ **يازنىڭ يوقى قىشتا دورا.**

مەنىسى: بۇ، يازنىڭ سېخىيلىقىنى، يازنىڭ ھەرقانداق نەرسىسى ئىنسانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **يازدا يېپىنچاڭنى ئۇنتۇما، قىشتا ئوزۇقۇڭنى ئۇنتۇما.**

مەنىسى: بۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىر ھازىرلىق بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ ياتماق.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشقا نىسبەتەن بىپەرۋالىق، خىرامانلىق قىلىپ، جىددىي مۇئامىلىدە بولمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☞ **ياشلىقتا ئۆگەنگەن بىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىغاندا ئۆگەنگەن بىلىم قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك.**

مەنىسى: بۇ، ياشلىق دەۋرىنىڭ راسا ئۆگىنىدىغان دەۋر ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ياشلىق ۋاقتىنى زايە قىلماي قە-

دىرلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياشلىقنىڭ قەدرى قېرىغاندا مەلۇم بولار.**

مەنىسى: بۇ، ياشلىقنى قەدىرلەش، ياشلىق دەۋرىنى بىـ- هۇدە ئۆتكۈزمەسلىك توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ.

**☜ ياغاچ قازان بىر قېتىملا قاينايدۇ.**

مەنىسى: بۇ، ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىكنىڭ داۋاملىق بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ ياقىلار ئېتەك بولدى، ئېتەكلەر ياقا بولدى.**

مەنىسى: بۇ، «قەدىرلىك» ئادەملەرنىڭ قـەدىرسىز، «قـە- دىرسىز»لەرنىڭ قەدىرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسـىمۇ دېڭـى (داڭقى) چىقماس.**

مەنىسى: بۇ، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلىيالمىغاندا، ئو- رۇن يۆتكەپ، باشقا بىر ئىش بىلەن بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈ- رىدۇ.

**☜ يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.**

مەنىسى: بۇ، يالغانچى ھەرقانداق يول بىلـەنمۇ ئۆز يـال- غىنىنى يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسـىمۇ دېڭـى (داڭقى) چىقماس.**

مەنىسى: بۇ، كۆپچىلىكتىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز بېشىغا

بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **يالغاچ سۇدىن قورقماس.**

مەنىسى: بۇ، پىداكارلىق ۋە جەسۇرلۇقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ **يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار.**

مەنىسى: بۇ، يامان ياكى ئەخلاقى ناچار ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ يامان ئىللەتلىرى يۇقۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **يامانلىغان قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان.**

مەنىسى: بۇ، ئاز ئىش ئۈچۈن قېيداپ، چوڭ مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **يامانلىق بىر دەملىك ياخشىلىق ئۆلگۈچىلىك (يامانلىقنىڭ يولى يېنىك، ياخشىلىقنىڭ يولى ئېغىر).**

مەنىسى: بۇ، بىر ئەر يامانلىق بىلەن بىرمۇنچە ياخشىلىقنىڭ يۈزۈپ تاشلىنىدىغانلىقىنى، ياخشىلىقنى بولسا، ئۆلگۈچە قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇچە، ياخشىنىڭ يامىنى بول.**

مەنىسى: بۇ، يامانلار ئۈچۈن غالچا بولغۇچە ياخشىلار ئۈچۈن قول بولۇپ ئىشلىگەن ياخشى، دېگەن مەنىدە



قوللىنىلىدۇ.

☜ ياماننى قويۇپ بەرسە ئەركىگە كۆندە چىپار بۆكىگە.

مەنىسى: بۇ، يامان ئادەملەرنى تىزگىنلەپ تۇرۇش كې-رەكلىكىنى، بولمىسا ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈ-رىدۇ.

☜ ياماننى كۆرمەي ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

مەنىسى: بۇ، بىر ياماننىڭ يامانلىقىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ياخشىلارنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يامان ھارۋا يول بۇزار، يامان ئادەم يۇرت بۇزار.

مەنىسى: بۇ، يامان ئادەملەرگە نىسبەتەن ھەر دائىم ھوشيار تۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يامغۇردىن قېچىپ مۆلدۈرگە ئۇچرىماق.

مەنىسى: بۇ، ئاۋۋالقىسىدىنمۇ يامىنىغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك.

مەنىسى: بۇ، يېڭى شەيئىلەرنىڭ ھەم تېز ھەم كۆپ بار-لىققا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ ياندىكى ھېسسىنىڭ قەدرى يوق.

مەنىسى: بۇ، ئۆزىنىڭكىنى باشقىلارنىڭكىدىن قەدىرسىز كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يا ھالال ئەمەس يا ھارام ئەمەس.
مەنىسى: بۇ، بىر مەسىلىنىڭ يا ئۇيان يا بۇيان بولماي ئېسىلىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.
مەنىسى: بۇ، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولماق.
مەنىسى: بۇ، قاتتىق ئىزادا قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماق.
مەنىسى: بۇ، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يوق يەردىن پۇتاق چىقارماق.
مەنىسى: بۇ، توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك، يەنى باشقىلاردىن كىر ئىزلىمەك دېگەن مەنىدە.

☜ يول ئازابى گۆر ئازابى.
مەنىسى: بۇ، سەپەرنىڭ ناھايىتى قىيىن، مۇشكۇللۇكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ يول ماڭماق بىلەن، قەرز تۆلىمەك بىلەن تۈگەيدۇ.
مەنىسى: بۇ، ئالغان ئۆتنە ـ يېرىمنى كېچىكتۈرمەستىن

قايتۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلماق.**

مەنىسى: بۇ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنى ئېغىر - بېسىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

**يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن قايتماس.**

مەنىسى: بۇ، بېرىلگەن ۋەدە ياكى سۆزگە ۋاپا قىلىش زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۇندىسىنى ئىت كۆرمەيدىغان، تۇتۇننى بۇلۇت كۆرمەيدىغان.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە نەپ بەرمەيدىغان بېخىل ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە.**

مەنىسى: بۇ، بىر ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشكە قاراپ ئەمەس، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئەمەلىي ھەرىكىتىگە قاراپ باھا بېرىش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.**

مەنىسى: بۇ، ئەمەلىيەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

☜ يۈز دوستتىن بىر دۈشمەن كۆپ.

مەنىسى: بۇ، دۈشمەنلەرگە نىسبەتەن بىپەرۋالىق قىلىش-قا زادى بولمايدىغانلىقىنى، ھوشيار بولۇش لازىملىقىنى بىلدۈ-رىدۇ.

☜ يۈزنىڭ سەتلىكىگە ئەينەك گۇناھكار ئەمەس.

مەنىسى: بۇ، بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبىنى سۇبيېكتىپ جە-ھەتتىن ئىزدىمەي، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئىزدەش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يېپيېقلىق قازان يېپيېقلىق بويىچە قالسۇن.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىش ئەسلىدە قانداق بولسا، شۇ ھا-لىچە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يېغا ياندىن قوپار، بالا كەلسە قېرىنداشتىن.

مەنىسى: بۇ، بەربىر كۆڭۈل ئاغرىقى ۋە باشقا ئىشلار كۆپىنچە ئۆز يېقىنلىرىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يېغىدىن يار بويى قاچ.

مەنىسى: بۇ، ئۆزىگە زىيان ـ زەخمەت يېتىدىغان ئىشلاردىن نېرى تۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ.

مەنىسى: بۇ، ئىگە ـ چاقىسىز، تۇرمۇشتا قارانچۇقى يوق بالىلارنى ھەر زامان پالاكەت باسىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.





**☜ يىراق بولسا كىشنىشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر.**

مەنىسى: بۇ، بىر ـ بىرىنى كۆپ سېغىنىشقان تۇغقانلار بىر يەرگە جەم بولغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**☜ يىراقتىكى تۇغقاندىن ياندىكى قوشنا ياخشى.**

مەنىسى: بۇ، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشتىن چارە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ يىراقتىن قىز ئالساڭ تۇلىقىڭ تىنماس، يېقىندىن قىز ئالساڭ قۇلىقىڭ تىنماس.**

مەنىسى: بۇ، كېلىنلەر يىراقتىكى ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ـ جۈمەلەش ئۈچۈن پات ـ پات ئاۋارىچىلىك سالىدىغانلىقىنى، قۇدىلار يېقىن بولسا، ئۇششاق ـ چۈششەك سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ يىغلىماقنىڭ بىر كۈلكىسى بار.**

مەنىسى: بۇ، جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ بىر ھالاۋىتى بولماي قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**☜ يىقىلغانلىكى تام بولسا باسماق.**

مەنىسى: بۇ، كېلىشمەسلىك ۋە پالاكەتنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ يېكەننىڭ ئاغزىغا چىپقاننىڭ كۆتىگە قاراپ يۇرمەك.

مەنىسى: بۇ، موھتاجلىق ۋە ئاچ ـ زېرىن يۇرگەنلىكنى بىلدۇرىدۇ.

☜ يېگەن ئېشى مەيدىسىگە تەپمەك.

مەنىسى: بۇ، ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقنى بىلمىگەنلىك ۋە ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغانلىقنى بىلدۇرىدۇ.

☜ يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك.

مەنىسى: بۇ، بىر ئىشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلدۇرۇش ئۇـ چۇن قوللىنىلىدۇ.

☜ يىڭنىنىڭ كۆزىدەك تۆشۈكتىن تۆگىدەك سوغۇق كىرىدۇ.

مەنىسى: بۇ، قىشنىڭ سوغۇق كۇنلىرىدە سوغۇقتىن ئوبدان مۇداپىئە كۆرۈش زۆرۈرلۈكىنى بىلدۇرىدۇ.

☜ يىلاننىڭ كۆشكىنى تۇيىدىغان.

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن زېرەك، سەزگۈرلۈـ كىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن قوللىنىلىدۇ.

☜ يىلتىزىغا پالتا چاپماق.

مەنىسى: بۇ، بىر نەرسىنىڭ ئاساسىغا ـ ئۇلىغا زىيان يەتكۈزمەكلىكنى بىلدۇرىدۇ.

☜ يىمىسمۇ بۆرىنىڭ ئاغزى قان.

مەنىسى: بۇ، بىر يامان ئاتىلىپ قالغان ئادەمنىڭ قاـ



چانلا بولمىسۇن يامان ئاتىلىۋېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يېمىشلىك ياغاچنىڭ بېشى تۆۋەن.**

مەنىسى: بۇ، كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەملەرنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

**يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى بەرمەك.**

مەنىسى: بۇ، قىلمىغان ئىش ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يېنىغا قاراپ ماڭالماسلىق يەنى كۆلەڭگۈسىگە قاراپ ماڭالماسلىق...

**يىللىق ئىشنى باھاردىن باشلا.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ئەتىيازدىن باشلاش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ياخشىنىڭ ياخشىلىقىنى چىقار، كۆككە يەتسۇن، ياماننىڭ يامانلىقىنى چىقار، توزۇپ كەتسۇن.**

مەنىسى: بۇ، كىشىلەرگە ياخشى ھەم يامان ئادەملەرگە قارىتا مەيدانى ئېنىق بولۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**يالغانچىنىڭ كېپى تولا، ياۋا دەرەخنىڭ شېخى تولا.**

مەنىسى: بۇ، يالغان گەپنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **يامان بىلەن بولساڭ يولداش، بېشىڭغا تېگەر تاش.**

مەنىسى: بۇ، يامان ئادەملەرگە ئارىلىشىپ قالماسلىق لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

☜ **ياخشى بىلەن دوست بولساڭ يېتەرسەن مۇرادقا، يامان بىلەن دوست بولساڭ قالارسەن ئۇياتقا.**

مەنىسى: بۇ، دوستنىڭ ياخشىسىنى تاللاش لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ئۇلارنىڭ يەشمىسى

(ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن)

تۈزگۈچى: ئايبەك ئۆمەر ئۇيغۇرى


پىلانلىغۇچى: ئەمىن كىتابچىلىقى

مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام

مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە رەقىپ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ

تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com

باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

نەشرى: 2009 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

فورماتى: 1230×880 م م 1/32 كەسلەم 9.875 باسما تاۋاق

خەت سانى: 172 مىڭ خەت

كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4499-2

تىرازى: 1 — 5000

باھاسى: 18.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001